
# تعليم الحج

# ھەج تەئلىماتى

(ھەج بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ساۋات)



تعليم الحج

ھەج تەئلىماتى

## نەسىھەت

ئى ئوغلۇم! ئاللاھ تەئالاغا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر.

ئى ئوغلۇم! ئوقۇغۇچىغا ئۇستازلارنىڭ غەزىپىدىن زىيانلىنىراق نەرسە بولمايدۇ.

ئى ئوغلۇم! سەن ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرىگە يالغان ئېيتىشتىن قورقمىساڭ، قەلب سىرلىرىڭنى بىلگۈچى ئاللاھ تەئالادىنمۇ قورقمايدىغان بولۇپ قالىسەن.

ئى ئوغلۇم! شەرىئەتتىن چىقما! ئەگەر سەن شەرىئەتتىن چىقساڭ، شەرىئەتنىڭ يوشۇرۇن ئوقى ئىككىلى ئالەمدىكى بەختىڭنى نابۇت قىلىدۇ.

ئى ئوغلۇم! ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق قىلما! بولمىسا ئاللاھ تەئالا دۈشمىنىڭنى ساڭا غالىب قىلىپ قويىدۇ.

ئى ئوغلۇم! ئىلىمنىڭ زىننىتى ئەخلاقتۇر، كىمكى ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن تاۋازۇ قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇنى بەندىلىرى ئىچىدە ھۆرمەتلىك قىلىدۇ. كىمكى تەكەببۇرلۇق قىلسا، ئاللاھ تەئالا بەندىلىرىنى ئۇ كىشىگە ئۆچ قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان ئادەم تېپىلمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

# تَعْلِيمُ الْحَجِّ

# ھەج تەئلىماتى

(ھەج بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ساۋات)

﴿فَلَوْلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُوا۟ فِى ٱلدِّينِ وَلِيُنذِرُوا۟ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوٓا۟ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟».

— سۈرە تەۋبە 122 - ئايەت.

# كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئاللاھ تەئالاغا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن. ياخشى تىلەك ۋە دۇئايى سالاملىرىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگىشىپ سائادەت ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلغانلارغا بولسۇن.

ھەج ئىبادىتى مۇرەككەپ ۋە رەسمىيەتلىرى بىر قەدەر كۆپ پائالىيەت بولۇپ، ئادا



قىلىشقا تېگىشلىك بولغان پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەتلىرى تولۇق ئادا قىلىنمىسا، بىر ئۆمۈر تىرىشىپ قىلىنغان ھەج ئاخىر بىكار بولىدۇ ياكى كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ.

شۇڭا، كەڭ ھەجگە ئىرادە باغلىغان مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ھەجگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملىرىنى پۇختىلىۋېلىشى ۋە ھەج پائالىيىتى جەريانىدا قوللانما قىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ كىتابچە تەييارلاپ چىقىلدى.

پايدىلانغۇچىلارنىڭ خالىس دۇئا قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— مۇئەللىپ.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئىسلامنىڭ بەشىنچى ئاساسى ــ ھەج.......1

مىقات ۋە ئېھرامغا كىرىشنىڭ بايانى....... 13

ئېھرامدا چەكلىنىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى. 21

مەككىگە كىرىش ۋە قۇدۇم تاۋاپىنىڭ بايانى 24

رەملە ۋە ئىزتىبائىنىڭ بايانى ................30

تاۋاپتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت
نامازنىڭ بايانى............................32

سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشنىڭ بايانى 33





مىنا ۋە ئەرەپاتقا چىقىشنىڭ بايانى ..........36

مۇزدەلىفىگە بېرىش ۋە ئۇ يەردە تۇرۇشنىڭ بايانى. 40

مىناغا چىقىش، تاش ئېتىش، قۇربانلىق
قىلىش ۋە چاچ چۈشۈرۈشنىڭ بايانى ....43

زىيارەت تاۋاپىنىڭ بايانى .................... 47

ئۈچ ئورۇندا تاش ئېتىشنىڭ بايانى .........50

ۋىدالىشىش تاۋاپىنىڭ بايانى ................55

قىسمەن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بايانى......59

ئۆمرىنىڭ بايانى...............................63

قىران ھەجنىڭ بايانى .........................68

تەمەتتۇئ ھەجنىڭ بايانى......................74

ھەج ئايلىرىنىڭ بايانى .......................78

ئۆمرە ۋە ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ قىلىشقا
بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ بايانى ........79

بالىلار ۋە ساراڭلارنىڭ ھەجىنىڭ بايانى....80
بەدەل ھەجنىڭ بايانى .......................... 81
جىنايەت ۋە ئۇنىڭ جازاسىنىڭ بايانى......85
تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشنىڭ بايانى...88
باش ۋە يۈزنى يېپىشنىڭ بايانى ............ 91
بەدەن ياكى كىيىمگە خۇشپۇراق بۇيۇم
ئىشلىتىشنىڭ بايانى.....................92
تىرناق ئېلىشنىڭ بايانى .....................95
چاچ چۈشۈرۈشنىڭ بايانى ......................97
ئۆزرىلىكلەرنىڭ ئالاھىدە ھۆكمىنىڭ
بايانى ..........................................98
جىنسىي ئالاقىنىڭ بايانى......................99
ھەج پائالىيىتى جەريانىدىكى جىنايەتلەرنىڭ
بايانى ..........................................102



تاھارەتسىز ياكى جۇنۇب ھالەتتە تاۋاپ
قىلىشنىڭ بايانى .......................... 103
ھەج پائالىيەتلىرىدىكى ۋاجىبلارنى تەرك
ئېتىشنىڭ بايانى .......................... 104
تەرتىپكە رىئايە قىلماسلىقنىڭ بايانى .... 106
رۇكنى ۋە ۋاجىبلارنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىك-
تۈرۈۋېتىشنىڭ بايانى...................... 107
ئۆمرىدىكى جىنايەتلەرنىڭ بايانى ........ 108
ئېھرام ئىچىدە ئوۋ ئوۋلاشنىڭ بايانى.......110
قىران ھەج قىلغۇچى چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ
بايانى ..........................................114
مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈشنىڭ بايانى.....115
ھەرەم جىنايەتلىرىنىڭ بايانى ............119
قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ بايانى..........121

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

الله أكبر



قۇربانلقنى زەبھى قلشنڭ بايانى......122
ھەجگە مۇناسۋەتلك دۇئالار..............126
مەدنە زيارتننڭ بايانى ................. 158
زيارەتنڭ ئەدەپلرى ۋە قائدە-يوسۇنلرى 164

بۇ كتابنڭ بېسش ھوقۇقى چەكلەنمەيدۇ. بېسش ۋە تارقتش شارائتى بار كشلەرنڭ كتابنڭ مەزمۇنغا تۈزتش كرگۈزمەسلك شەرتى ئاستدا بېسشى ۋە تارقتشغا رۇخسەتتۇر.

# ئىسلامنىڭ بەشىنچى ئاساسى — ھەج

س: ھەج دېگەن نېمە؟

ج: ھەجنىڭ لۇغەت مەنىسى ئۇلۇغ بىر ئىشقا ئاتلىنىش دېگەنلىكتۇر، شەرئىي ئىستىلاھتا بولسا خاس بىر ۋاقىتتا خاس ئەمەللەر بىلەن خاس ماكانلار①نى زىيارەت قىلىش ھەج دەپ ئاتىلىدۇ.

① بۇنىڭدىكى خاس ۋاقىتتىن شەۋۋال، زۇلقەئىدە ۋە زۇلھەججىنىڭ 10 كۈنى، خاس ماكاندىن مىنا، ئەرەپات



ناماز بىلەن روزا بەدەنگە ئائىت ئىبادەتتۇر، زاكات مال-ئىقتىسادقا ئائىت ئىبادەتتۇر، ئەمدى ھەج بولسا بەدەن ۋە مال-ئىقتىساد ئىككىلىسىگە ئائىت ئىبادەتتۇر.

**س: ھەج قىلىش پەرزمۇ ياكى ۋاجىبمۇ؟**

ج: شەرتلىرىنى ھازىرلىغان مۇسۇلماننىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم① ھەج قىلىشى پەرز ئەيندۇر. قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئۇنىڭ پەرزلىكى ئوچۇق مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر ھېسابلىنىدۇ.

مەيدانى، خانە كەئبە ۋە باشقا ئورۇنلار، خاس ئەمەللەردىن ھەج نىيىتى بىلەن ئېھرامغا كىرىش، ۋۇقۇف قىلىش، تاۋاپ قىلىش ۋە سەئيى قىلىش قاتارلىقلار مۇرادتۇر.

① ئەمما، ھەج قىلىش مۇمكىن بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ئەۋۋىلىدە تەخىر قىلماستىن ۋاقتىدا ئادا قىلىش ۋاجىبتۇر.

www.uyghurkitap.com



**س: ھەجنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى قايسىلار؟**

ج: 1) مۇسۇلمان بولۇش. 2) ھۆر بولۇش. 3) بالىغ بولۇش. 4) ئاقىل بولۇش. 5) يېتەرلىك ئىقتىساد بولۇش. 6) تەندۇرۇس بولۇش. 7) يول ئەمىن بولۇش.

يەنە شۇنىڭدەك، ئايال كىشىنىڭ ئىددەت تۇتۇۋاتمىغان بولۇشى ۋە ئۈچ كۈنلۈك سەپەر مۇساپىسى (يەنى 100 كىلومېتىر) يىراقلىقتىن كېلىدىغان ئايالنىڭ ھەمراھ بولىدىغان ئېرى ياكى بىر مەھرىمى بولۇشمۇ شەرتتۇر.

بۇ شەرتلەردىن ئالدىنقى بەشى تېپىلىپ، كېيىنكىلىرىدىن بىرەرى تېپىلمىغان كىشىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى مال-مۈلكىگە ھەج پەرز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ



ئۆز ئورنىدا باشقا بىر كىشىنى ھەجگە ئەۋەتىشى، ياكى ئۇنىڭغىچە بېشىغا ئۆلۈم كېلىپ قالسا، بۇ مال-مۈلكى بىلەن بىر كىشىنىڭ ئۆز نامىدا ھەج قىلىپ قويۇشىنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇشى زۆرۈردۇر.

**س: يول ئەمىن بولۇش نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟**

ج: ھەرەم زېمىنىغا ئوڭۇشلۇق بارالايدىغان يول شارائىتى بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۆز رايونىدا ياكى توختاپ ئۆتىدىغان يوللىرىدا ئۇرۇش-مالىمانچىلىق، تەبىئىي ئاپەت، يوقۇملۇق كېسەل، چېگرا توسقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان تۈرلۈك توسالغۇلار بولماسلىق دېگەندەك.

**س: يېتەرلىك ئىقتىساد بولۇش نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟**

ج: سەپەر خىراجىتى ۋە ھەجگە بېرىپ قايتىپ كېلىپ بولغۇچە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇش چىقىمىغا يەتەكۈدەك ئىقتىسادى بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ئىقتىساد ھالال يولدىن كەلگەن بولۇش ۋە زىممىدە قەرز بولماسلىق دېگەنلەرمۇ ئىقتىسادىي شەرتلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

**س: ھەجنىڭ پەرزلىرى نەچچە؟ ئۇلار قايسىلار؟**

ج: ئۈچ: 1) ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئىھرام باغلىماق. 2) ئەرەپاتتا تۇرماق. 3) زىيارەت تاۋاپى قىلماق.



بۇلاردىن باشقا بۇ پەرزلەرنى ئادا قىلىشتا تەرتىپىگە رىئايە قىلماق ۋە ئىھرامغا كىرگەندىن كېيىن ئەرەپاتتا ۋۇقۇف قىلىپ بولغۇچە جىنسىي ئالاقىدىن ساقلانماقلىقتىن ئىبارەت قوشۇمچە پەرزلەرمۇ بار.

**س: ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى قايسىلار؟**

ج: 1) مىقاتتىن ئىھرامسىز ئۆتمەسلىك. 2) ئەرەپاتتا كۈن پاتقىچە تۇرماق. 3) مۇزدەلىفەدە شام نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ خۇپتەن نامىزى بىلەن بىرگە ئوقۇماق. 4) نەھرى كۈنى سۈبھى يورۇغاندا مۇزدەلىفەدە مەلۇم ۋاقىت تۇرماق. 5) نەھرى كۈنلىرى (يەنى زۇلھەججىنىڭ 10-، 11- ۋە 12- كۈنلىرى) شەيتانغا تاش ئاتماق. 6) ھەر كۈندىكى تاشنى ئۆز ۋاقتىدا ئاتماق (كېلىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ـغان كىچىسى سۈبھى سادىق يورۇسا، شۇ كۈننىڭ تاش ئېتىش ۋاقتى ئۆتكەن بولىدۇ). 7) قىران ياكى تەمەتتۇئ ھەج قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىق قىلىشى. 8) ئىھرامدىن چىقىدىغاندا چاچ چۈشۈرمەك ياكى قىسقارتىماق. 9) ئىفراد ھەج قىلغۇچىنىڭ دەسلەپ تاش ئېتىشى، ئاندىن چاچ چۈشۈرۈشى؛ تەمەتتۇئ ياكى قىران ھەج قىلغۇچىنىڭ دەسلەپ تاش ئېتىشى، ئاندىن قۇربانلىق قىلىشى، ئاندىن چاچ چۈشۈرۈشىدىن ئىبارەت تەرتىپكە رىئايە قىلماق. 10) چاچ چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىشنى نەھرى كۈنلىرى ئىچىدە ھەرەم دائىرىسىدە قىلماق. 11) زىيارەت تاۋاپىنى نەھرى كۈنلىرى ئىچىدە قىلماق (ئۆزرىسىز 12- كۈنى كۈن پېتىشتىن كېيىنگە



قالدۇرۇشقا بولمايدۇ). 12) تاۋاپنى ھەرەم مەسجىدى ئىچىدە قىلماق. 13) تاۋاپنى پاك ھالەتتە تاھارەت بىلەن قىلماق. 14) تاۋاپتا ئەۋرەتنى ياپماق. 15) تەندۇرۇس بولسا تاۋاپ بىلەن سەئيىنى مېڭىپ قىلماق. 16) تاۋاپنى ھەجەر ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىدىن باشلىماق. 17) تاۋاپتا كەئبىنى سول تەرەپتە قىلىپ سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە ئايلانماق. 18) تاۋاپتا ھەتىم تېمىنىڭ سىرتىدىن ئايلانماق. 19) تاۋاپنى يەتتە قېتىم قىلماق. 20) تاۋاپتىن كېيىن مەقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماق (بۇنى مەقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇشقا شارائىت بولمىسا مەسجىدنىڭ خالىغان يېرىدە ئوقۇسمۇ ئادا

بولىدۇ). 21) سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلماق. 22) سەئيىنى تاۋاپتىن كېيىن قىلىماق. 23) سەئيىنى سەفادىن باشلىماق. 24) سەئيىنى يەتتە قېتىم قىلماق. 25) يىراقتىن كەلگەنلەرنىڭ ۋىدالىشىش تاۋاپى قىلىشى.

**س: ھەجنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟**

ج: 1) يىراقتىن كەلگەن ئىنفراد ياكى قىران ھەج قىلغۇچىنىڭ قۇدۇم (قەدەم تەشرىپ قىلىش) تاۋاپى قىلىشى. 2) تاۋاپتا ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيمەك. 3) كەينىدىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىنىدىغان تاۋاپتا رەملە ۋە ئىزتىبائ قىلماق. 4) تاۋاپتا رۇكنى يەمانىي (كەئبە تېمىنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكى)نى سىلاپ ئىستىلام قىلى-



ماق. 5) تاۋاپنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈپ قويماسلىق. 6) تاۋاپ جەريانىدا پاكىزلىقنى ساقلىماق. 7) تاۋاپ بىلەن سەئيىنى ئارقا-ئارقىدىن قىلماق. 8) تاۋاپتىن كېيىن تەبەررۇك ئىزدەپ زەمزەم سۈيى ئىچمەك. 9) ئەرلەرنىڭ سەفا-مەرۋە ئارىسىدىكى ئىككى يېشىل چىراغ ئارىلىقىدا يورغىلاپ يۈگۈرۈشى. 10) سەئيىدىن كېيىن ھەرەم مەسجىدىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماق. 11) ئىمامنىڭ زۇلھەججىنىڭ 7- كۈنى مەككىدە، 9- كۈنى ئەرەپاتتا ۋە 11- كۈنى مىنادا خۇتبە ئوقۇپ نۇتۇق سۆزلىشى ۋە ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگىتىشى. 12) تەرۋىيە كۈنى (يەنى زۇلھەججىنىڭ 8- كۈنى) مىناغا چىقماق ۋە كېچىسى شۇ يەردە قونماق. 13) ئەرەپە كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



(يەنى زۇلھەججىنىڭ 9- كۈنى) مىنادىن ئەرەپاتقا كۈن كۆتۈرۈلۈپ بولغاندىن كې-يىن چىقماق. 14) ئەرەپاتتا پېشىن نامىزى-دىن ئىلگىرى غۇسۇل قىلماق. 15) زۇلھەج-جىنىڭ 10- كۈنى (يەنى ھېيت كۈنى)گە تاڭ ئاتىدىغان كېچىسى مۇزدەلىفەدە قون-ماق. 16) شۇ كۈنى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن مۇزدەلىفەدىن مىناغا قوزغىلىپ بولماق. 17) شەيتانغا تاش ئېتىشنى كۈن پاتقانغا قەدەر كېچىكتۈرمەسلىك. 18) ئۈچ شەيتان (جەمە-رە)غا تاش ئاتقاندا تەرتىپكە رىئايە قىلماق (يەنى ئالدى بىلەن كىچىك شەيتان، ئان-دىن ئوتتۇرا شەيتان، ئاخىردا چوڭ شەي-تانغا ئاتماق). 19) ئىفراد ھەج قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىق قىلىشى. 20) زىيارەت تاۋاپىنى



ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى چاچ چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىپ بولغان-دىن كېيىنلا قىلماق. 21) زۇلھەججىنىڭ 11-، 12- ۋە 13- كۈنلىرىنىڭ كېچىلىرىدە مىنادا قونماق. 22) مىنادىن قايتىپ چۈشكەندە مۇھەسسەب (ئەبتەھ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋادى-سىغا چۈشۈپ ئۆتمەك (بۇ سۈننەتتى كى-فايىدۇر).

**س: ھەج نەچچە خىل؟ ئۇلار قايسى؟**

ج: ئۈچ خىل بولىدۇ: 1) ئىفراد ھەج. 2) قىران ھەج. 3) تەمەتتۇئ ھەج.

**س: ئىفراد ھەج دېگەن نېمە؟**

ج: مىقاتتىلا پەقەت ھەجگىلا ئېھرام باغ-لاپ ئۆمرىسىز ئادا قىلىنغان ھەج — ئىفراد ھەج (يەنى يەككە ھەج) دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆۋەندە ئىفراد ھەجنىڭ قائىدىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

## مىقات ۋە ئېھرامغا كىرىشنىڭ بايانى

**س: مىقات دېگەن نېمە؟**

ج: سىرتتىن ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كەلگۈچىلەرنىڭ ئېھرامغا كىرىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن ئورۇنلار مىقات (يەنى ئېھرام چېگرىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ.

**س: مىقات ئورۇن نەچچە؟ ئۇلار قايسى؟**

ج: مىقات ئورۇن بەشتۇر: 1) زۇلھۇلەيفە (ھازىر بۇ جاي ئەبيار ئەلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ).



بۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە يولىدىن كېلىدىغانلار ئېھرامغا كىرىدىغان جايدۇر. 2) جۇھفە (ھازىر بۇ جاي خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان بىر يېزا بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىن بولغان رابىغ دېگەن جايدا ئېھرامغا كىرىدۇ). بۇ سۈرىيە، پەلەستىن، لىۋان، مىسىر ۋە مەراكەش قاتارلىق ئەللەردىن كېلىدىغانلار ئېھرامغا كىرىدىغان جايدۇر. 3) قەرن (ھازىر بۇ جاي سەيل كەبىرمۇ دېيىلىدۇ). بۇ نەجدە، تائىف ۋە شۇ تەرەپ (يەنى شەرق تەرەپ)تىكى شەھەر ۋە رايونلاردىن كېلىدىغانلار ئېھرامغا كىرىدىغان جايدۇر. 4) يەلەملەم (ھازىر بۇ جاي سەئدىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ يەمەن ياكى يەمەن يولىدىن كېلىدىغانلار ئېھرامغا كىرىدىغان جايدۇر. 5) زاتىئىرق (ھازىر بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



جاي زەربە دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ ئىراق ۋە ئىراق يولىدىن كېلىدىغانلار ئېھرامغا كىرىدىغان جايدۇر.

**س: مىقاتنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا ۋە ھەرەمدە ئولتۇراقلاشقانلار قەيەردە ئېھرامغا كىرىدۇ؟**

ج: ئۆز مەھەللىسىدە ئېھرامغا كىرىدۇ. پەقەت مەككىنىڭ ئىچىدە ئولتۇراقلاشقانلار ئۆمرە قىلماقچى بولسا، ھەرەمنىڭ سىرتىغا (ھەرەمنىڭ سىرتى ھىل دېيىلىدۇ) چىقىپ ئېھرامغا كىرىدۇ. ئەمما، ھەج قىلماقچى بولسا مەككىدە ئېھرامغا كىرسە بولىۋېرىدۇ.

**س: مىقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئېھرامغا كىرىش دۇرۇسمۇ؟**

ج: دۇرۇستۇر، بەلكى بۇ ئېھرامدا چەك-



لىنىدىغان ئىشلاردىن تولۇق ساقلىنالىغان ئەھۋالدا ئەۋزەلدۇر.

**س: مىقاتتىن ئۆتۈپ ئېھرامغا كىرىشمۇ دۇرۇسمۇ؟**

ج: دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قىلىپ قالسا ئۇنىڭغا جازا يۈزىسىدىن قان (يەنى ھەرەم دائىرىسىدە بىر دانە قوي ياكى ... زەبھى قىلىش) ۋاجىب بولىدۇ.

**س: يولى مىقاتتىن ئۆتمەيدىغانلار قەيەردە ئېھرامغا كىرىدۇ؟**

ج: مىقاتنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر يەردە ئېھرامغا كىرسە بولىدۇ. ئەگەر مىقاتنىڭ ئۇدۇلىنى مۆلچەرلىيەلمىسە، مەككىگە 90 كىلومېتىر قالغاندا ئېھرامغا كىرسە بولىدۇ.

**س: ئېھرام دېگەن نېمە؟**

ج: بۇ لۇغەتتە چەكلىمەك، چەكلىمە دېگەن مەنىدە، شەرئىي ئىستىلاھتا بولسا ھەج ياكى ئۆمرە نىيىتى بىلەن مەلۇم ئىشلاردىن چەكلىنىش ئىھرام دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇ ھەج (ياكى ئۆمرە)گە نىيەت قىلىپ تەلبىيە ئېيتىش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا نىيەت بىلەن تەلبىيىنىڭ ئارىلىقى ئايرىلىپ كەتمەسلىكى لازىم.

**س: ئىھرامغا كىرىشنىڭ سۈننەتلىرى قايسى؟**

ج: 1) غۇسۇل قىلماق ياكى تاھارەت ئالماق. بۇنىڭدا غۇسۇل قىلىش ئەۋزەلدۇر. 2) يىڭنىدە تىكىلمىگەن يېڭى ياكى يۇيۇلغان ئىككى پارچە رەخت بىلەن بەدەننى ئورىماق. بۇلارنىڭ بىرى ئىزار قىلىنىدۇ



(يەنى بەلنىڭ تۆۋىنى ئورىلىدۇ)، يەنە بىرى رىدا قىلىنىدۇ. 3) تەلبىيە ئېيتىپ ئىھرامغا كىرىشتىن بۇرۇن بەدەنگە (ئىھراملىققا ئەمەس) خۇشپۇراق بۇيۇم ئىشلەتمەك. 4) ئىھرامنىڭ سۈننىتى دېگەن نىيەت بىلەن باش كىيىم كىيگەن ھالەتتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماق. نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ۋە تەلبىيە ئېيتىشتىن ئازغىنە بۇرۇن ئەرلەر باش كىيىمنى سېلىپ تاشلايدۇ ۋە ئىھرامدىن چىققىچە ئۇنى كىيمەيدۇ. 5) ھەجگە نىيەت قىلغاندا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇماق: «اَللّٰهُمَّ إِنِّىْ أُرِيْدُ الْحَجَّ فَيَسِّرْهُ لِيْ وَتَقَبَّلْهُ مِنِّىْ» (ئى ئاللاھ! مەن ھەجگە نىيەت باغلىدىم، ماڭا ئۇنى ئاسان قىلىپ بەرگىن ۋە ئۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن). 6) يۇقىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دىكى دۇئا ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تەلبىيە ئېيتماق. تەلبىيە بۇ: «لَبَّيْكَ اللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لَا شَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ، إنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ، لَا شَرِيْكَ لَكَ» (ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم ئى ئاللاھ! ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم، ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر، ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم، ھەمدۇسانا، نېئمەت ۋە پادىشاھلىق ساڭا خاستۇر، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر). بۇنى ئەرلەر ئۈنلۈك ئوقۇپ ماڭىدۇ، ئاياللار ئاۋازسىز ئوقۇيدۇ. تەلبىيە ئېيتىش باشلانغان ھامان ئېھرامغا كىرگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى ئېھرامدىن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرنىمۇ سادىر قىلىشقا بولمايدۇ.



**س: ئايال كىشى ھەيزدار ياكى نىپاسدار بولۇپ قالسا، ئېھرامغا كىرىۋېرەمدۇ ياكى ساقايغۇچە كۈتۈپ تۇرامدۇ؟**

ج: ئېھرامغا كىرىۋېرىدۇ. پەقەت ئېھرامغا كىرىشنىڭ ئالدىدا پاك بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىر-قاسماقتىن پاكىزلىنىش يۈزىسىدىن غۇسۇل قىلىۋالىدۇ ۋە بېشىنى تارىۋالىدۇ.

ئەمما، ئۇلارنىڭ پاكلىنىپ بولغۇچە ناماز ئوقۇشىغا ۋە خانە كەئبىنى تاۋاپ قىلىشىغا بولمايدۇ. قاچان ھەيز ۋە نىپاستىن پاك بولسا، غۇسۇل قىلىپ كامىل پاكلانغاندىن كېيىن ئاندىن خانە كەئبىنى تاۋاپ قىلسا ۋە ناماز ئوقۇسا بولىدۇ.

**س: ئايال كىشىمۇ ئېھراملىق كىيەمدۇ؟**

ج: ياق، بەلكى ئۈستىدىكى كىيىملىرى بىلەنلا ئېھرامغا كىرىدۇ. پەقەت ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن يۈزىنى يېپىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئەمما بېشىنى ياپىدۇ.

## ئېھرامدا چەكلىنىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

**س: ئېھرامدا چەكلىنىدىغان ئىشلار قايسىلار؟**

ج: 1) جىنسىي ئالاقە ۋە ئۇنىڭغا دائىر شەھۋانىي سۆز-ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلماق. 2) باشقىلار بىلەن جېدەللەشمەك، ئۇرۇشماق، تىللاشماق، غەيۋەت قىلىشماق ۋە شۇنىڭدەك ھەرقانداق بىر گۇناھ ئەمەلنى سادىر قىلماق. 3) قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلىماق ياكى ئۇنىڭغا ئىشارەت قىل-



ماق. 4) چاچ، ساقال ۋە بەدەن تۈكلىرىنى يۇلماق ۋە تىرناق ئالماق. ئەمما، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزى چۈشۈپ كەتسە ھېچ ۋەقەسى يوق. 5) بەدەنگە ياكى ئېھراملىققا (ئاياللار كىيىملىرىگە) ھەرقانداق خۇشپۇراق نەرسىنى چاچماق ياكى سۈركىمەك. 6) قولغا پەلەي، پۇتقا ئۆتۈك (ياكى قونچى ئوشۇقنى ياپىدىغان ئاياغ) كىيمەك، پايپاقمۇ مۇشۇ ھۆكۈمدە. 7) ئەرلەرنىڭ ھەرقانداق تىكىلگەن كىيىم كىيىشى. ئەمما، ئېھراملىق تاپالماي چارىسىز قالغاندا ئىشتان كىيىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، پۇتقا كىيىش ئۈچۈن تىكىلمىگەن ئاياغ تېپىلمىغاندا قونچى ئوشۇقتىن ئېشىپ كەتمەيدىغان تىكىلگەن ئاياغ كىيىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. 8)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەرلەرنىڭ بېشى ۋە يۈزىنى يېپىۋېلىشى. 9) ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىۋېلىشى. ئەمما، يات ئەرلەرگە چىرايىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يۈزىگە تېگىپ قالماسلىق شەرتى بىلەن رومىلىنى يۈزىگە دالدا قىلىۋالسا بولىدۇ.

س: مۇھرىم (يەنى ئېھرام ئىچىدىكى كىشى)نىڭ غۇسۇل قىلىشى دۇرۇسمۇ؟

ج: خۇشپۇراق بۇيۇم ئىشلەتمىگەن (ئەتىر سوپۇن ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ) ۋە كىرقاسماقنى چىقىرىشتا مۇبالىغە قىلىۋەتمىگەن ئاساستا غۇسۇل قىلىشى دۇرۇس.

س: مۇھرىمنىڭ سايىدىشى دۇرۇسمۇ؟

ج: دۇرۇس.

س: تەلبىيىنى كۆپ ئېيتىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ج: تەلبىيىنى كۆپ ئېيتىش مۇستەھەب



بولۇپ، قانچە كۆپ ئېيتالىساق شۇنچە ياخشىدۇر. بولۇپمۇ بەش ۋاق نامازنىڭ ئارقىسىدا، سەھەرلەردە، ھالەت ئالماشقاندا، ئەتىگەن-ئاخشامدا، بىرەر ئېگىزلىككە ئۆرلىگەن، ياكى بىرەر ئويمانلىققا چۈشكەن، ياكى بىرەر كارۋان بىلەن ئۇچراشقان چاغلاردا كۆپلەپ تەلبىيە ئېيتىشىمىز ياخشى سانىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، تەلبىيىنى ھەر قېتىم باشلىغاندا ئۈچ قېتىم ئېيتىشىمۇ مۇستەھەبتۇر.

## مەككىگە كىرىش ۋە قۇدۇم تاۋاپىنىڭ بايانى

س: ئىفراد ھەج قىلغۇچى بولساق، مەككىگە كىرگەندە دەسلەپ نىمە ئىش قىلىمىز؟

ج: يۈك-تاقلارنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپلا تاھارەت ئېلىپ قۇدۇم تاۋاپى ئۈچۈن ھەرەم مەسجىدىگە بارىمىز.

خانە كەئبە كۆرۈنگەن ھامان تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتىمىز: «اَللّٰهُ أَكْبَرُ، اَللّٰهُ أَكْبَرُ، لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ، اَللّٰهُ أَكْبَرُ، وَلِلّٰهِ الْحَمْدُ». ئاندىن خانە كەئبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىمىز.

**س: تاۋاپ قائىدىسىنى بايان قىلىڭ؟**

ج: ئالدى بىلەن ئۇدۇل ھەجەر ئەسۋەد[1]نىڭ ئالدىغا بېرىپ تەكبىر ئېيتقاچ

① بۇ خانە كەئبىنىڭ تېمىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىزىلغا مايىل قارا تاش بولۇپ، بۇ ھەقتىكى بىر مەرفۇئ ھەدىستە: «ھەجەر ئەسۋەد جەننەتتىن چۈشكەن. ئۇ شۇ چاغدا سۈتتىنمۇ ئاق ھالەتتە ئىدى، كېيىن ئۇنى ئادەم پەرزەنتلىرىنىڭ



نامازغا كۆتۈرگەندەك ئىككى قولىمىزنى كۆتۈرۈپ سالام بېرىمىز، ئاندىن بىراۋغا ئازار بەرمىگەن ئاساستا ئۇنى بوسە قىلىمىز (بۇنىڭدا ھەجەر ئەسۋەدنى بىۋاستە سۆيۈش، بۇ بولمىسا قولىمىزنى چاپلاپ ئۇنى سۆيۈش، ياكى ھاسىدەك بىرەر نەرسىنى تەگكۈزۈپ شۇنى سۆيۈش بولىدۇ. بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساق ھەجەر ئەسۋەد تەرەپكە قاراپ ئالىقاننى ئۇنىڭغا قاراتقان ھالەتتە قولىمىزنى قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ،

خاتالىقى قارىدىتىۋەتكەن» دېيىلگەن؛ يەنە بىر مەرفۇئ ھەدىستە ئۇ: «ئاللاھنىڭ زېمىندىكى قولى» دېيىلگەن؛ يەنە بىر مەرفۇئ ھەدىستە: «ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى ھەجەر ئەسۋەدنى كۆرىدىغان ئىككى كۆز ۋە سۆزلەيدىغان تىل بىلەن ھازىر قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ھەق بىلەن سۆيگەن كىشىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com



ئاندىن شۇ قولىمىزنى سۆيسەكمۇ بولىدۇ).
ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ ھەجەر ئەسۋەدنىڭ
ئۇدۇلىدىن باشلاپ خانە كەئبىنى ئايلىنىپ
يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىمىز. ئايلانغاندا خانە
كەئبىنى سول تەرىپىمىزدە قىلىپ سائەت
ئىستىرېلكىسىنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە
ئايلىنىمىز. مۇمكىن بولسا رۇكنى يەمانىيغا
كەلگەندە «بِسْمِ اللهِ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ» دېگەچ ئۇنى
ئىككىلى قولى ياكى ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنى
بىلەن ئىستىلام قىلىمىز، يەنى سىلايمىز.
ئۇنى بوسە قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا،
قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىپ ئىستىلام قى-
لىش مۇمكىن بولمىسا ئالدىمىزغا قاراپ
كېتىۋەرسەك بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھەجەر ئەس-
ۋەدكە قولىنىڭ ئالقىنىنى قارىتىپ ئىشارەت



قىلغاندەك ئىشارەتمۇ قىلىنمايدۇ. قاچان
ھەجەر ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا كەلسەك ئۇنى
بوسە قىلىمىز ياكى ئىستىلام قىلىمىز (بۇ
مۇمكىن بولمىسا قولىمىزنى كۆتۈرۈپ ۋە
ئالقىنىمىزنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ سۆيگۈ-
ئېھتىرامىمىزنى ئىپادىلەيمىز). دېمەك، تاۋاپ
ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈش ياكى ئىستىلام
قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. تاۋاپ جەريا-
نىدا ھەتىم تېمى (خانە كەئبىنىڭ شىمال-
دىكى 1.3 مېتىر ئېگىزلىكتىكى يېرىم ھال-
قىسمان تام)نىڭ سىرتىدىن ئايلىنىمىز.
تاۋاپنى خانە كەئبىگە قانچە يېقىن يەردىن
قىلالىساق شۇنچە ياخشى. يەنە تاۋاپ
جەرياندا دۇئانى كۆپ قىلىمىز، زىكرى-ئىس-
تىغپارنى كۆپ ئېيتىمىز، قايسى دۇئانى قىل-

ساق ۋە نېمىنى تىلىسەك بولىۋېرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاۋاپتا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغان: «رَبِّ قَنِّعْنِيْ بِمَا رَزَقْتَنِيْ وَبَارِكْ لِيْ فِيْهِ وَاخْلُفْ عَلَيَّ كُلَّ غَائِبَةٍ لِيْ بِخَيْرٍ» (پەرۋەردىگارىم! بەرگەن رىزقىڭ بىلەن ماڭا قانائەت بەرگىن، ئۇنىڭدا ماڭا بەرىكەت بەرگىن، قولۇمدىن كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ياخشىلىقىڭ بىلەن تولدۇرۇپ بەرگىن)؛ رۇكنى يەمانىينى ئىستىلام قىلغاندا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغان: ﴿رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ حَسَنَةٗ وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ﴾ (پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن).



**س: ئايلانغان قېتىم سانىمىزدا شەكلىنىپ قالساق قانداق قىلىمىز؟**

ج: پەرز تاۋاپتا شەكلەنگەن ئاز سانىنى ھېسابقا ئالىمىز. مەسىلەن، ئۈچ بىلەن تۆتتە شەكلەنسەك، ئۈچكە ھېسابلايمىز؛ پەرزدىن باشقا تاۋاپلاردا غالىب گۇمانغا ئاساسلىنىمىزكى، شەكنى ئېتىبارغا ئالمايمىز.

## رەملە ۋە ئىزتىبائنىڭ بايانى

**س: رەملە دېگەن نېمە؟ ئىزتىبائ دېگەنچۇ؟**

ج: تاۋاپتا كۈچلۈكلۈكنى ئىپادىلىگەن ئاساستا دولىنى قېقىپ يورغىلاپ يۈگۈرۈش رەملە دەپ ئاتىلىدۇ.

تاۋاپتا ئوڭ قول ۋە ئوڭ مۈرىنى ئوچۇق قويۇش ئىزتىبائ دەپ ئاتىلىدۇ.

**س: رەملە ۋە ئىزتىبائىنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: كەيىنىدىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش زۆرۈر بولغان تاۋاپ[①]تىكى ئالدىنقى ئۈچ ئايلىنىشتا رەملە قىلىش سۈننەت؛ ئىزتىبائ بولسا ھەممە ئايلىنىشتا سۈننەت.

دېمەك، ئۆمرە ۋە قۇدۇم تاۋاپى قىلغۇچى تاۋاپتىن كېيىن سەفا-مەرۋىدە سەئيى قىلغاچقا، تاۋاپىدا ئىزتىبائ ۋە رەملە قىلىدۇ.

① ئۆمرە تاۋاپى، قۇدۇم تاۋاپى ۋە ھەجنىڭ ئالدىدا سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلمىغان كىشىلەرنىڭ زىيارەت تاۋاپىنىڭ ئارقىسىدىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش زۆرۈردۇر. ئەمما، ھەجنىڭ ئالدىدا سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلغان كىشىلەرنىڭ زىيارەت تاۋاپى ۋە نەپلە تاۋاپلارنىڭ ئارقىسىدىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش زۆرۈر ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەمما، تاۋاپتىن كېيىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلمايدىغان كىشىلەر رەملە ۋە ئىزتىبائ قىلمايدۇ.

## تاۋاپتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت نامازنىڭ بايانى

**س: تاۋاپتىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز؟**

ج: مەقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمىز.

ئەگەر مەقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدىن بوش ئورۇن تاپالمىساق، خالىغان بوش ئورۇندا ئوقۇساقمۇ بولىدۇ.

**س: بۇ ئىككى رەكئەت نامازدا قايسى سۈرىلەرنى ئوقۇش سۈننەت؟**

ج: بىرىنچى رەكئەتتە سۈرە كافىرۇننى، ئىككىنچى رەكئەتتە سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇش سۈننەت.

## سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشنىڭ بايانى

س: سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش قائىدىسىنى بايان قىلىڭ؟

ج: سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلماقچى بولساق، ئالدى بىلەن ھەجەر ئەسۋەدنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى ئىستىلام قىلىمىز. ئاندىن سەفاغا چىقىمىز. بۇ يەردە ئازغىنە تۇرۇپ ﴿إِنَّ ٱلصَّفَا وَٱلۡمَرۡوَةَ مِن شَعَآئِرِ ٱللَّهِ﴾ «سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن



ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر» (2:158) دېگەن ئايەتنى ئوقۇيمىز. ئاندىن خانە كەئبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ تەكبىر-تەھلىل ئېيتىمىز، دۇرۇد ئوقۇيمىز ۋە ھاجەتلىرىمىزنى تىلەيمىز. بۇ جەرياندا مۇنۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇشىمىز سۈننەت: «لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ صَدَقَ اللّٰهُ وَعْدَهٗ وَنَصَرَ عَبْدَهٗ وَهَزَمَ الْأَحْزَابَ وَحْدَهٗ»[1]. ئاندىن مەرۋە تەرەپكە قاراپ ماڭىمىز. ئىككى يېشىل چىراغنىڭ ئارىسىدا ئەرلەر يۈگۈرەيدۇ، ئايال-

---

① مەنىسى: يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمىي ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر شەيئىگە قادىردۇر، ئۇ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم بەردى، ئىتتىپاقداش دۈشمەنلەرنى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لار بولسا نورمال ماڭىدۇ. يۈگۈرگەندە مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيمىز: «رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَأَنْتَ الْأَعَزُّ الْأَكْرَمُ وَتَجَاوَزْ عَمَّا تَعْلَمْ»①. ئاندىن مەرۋىگە كېلىپ ئازراق يۇقىرى ئۆرلەيمىز. ئاندىن بۇ يەردە بىر ئاز تۇرۇپ قىبلىگە قاراپ سەفادا ئوقۇغان دۇئالىرىمىزنى ئوقۇيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر سەئيى تامام بولىدۇ. مۇشۇ ھالەتتە مەرۋىگە تۆت قېتىم كەلسەك، يەتتە سەئيى تامام بولىدۇ. دېمەك، پۈتۈن سەئيى سەفادىن باشلىنىپ مەرۋىدە ئاخىرلىشىدۇ.

① مەنىسى: پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ بەكمۇ ئىززەتلىكسەن، بەكمۇ كەرەملىكسەن، سەن بىلىدىغان گۇناھلاردىن ئۆتۈپ كەتكىن.



## مىنا ۋە ئەرەپاتقا چىقىشنىڭ بايانى

**س: قۇدۇم تاۋاپى ۋە سەئيىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ھەج پائالىيەتلىرى رەسمىي باشلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا نېمە ئىش قىلىمىز؟**

ج: شۇنىڭدىن كېيىن ھەج پائالىيەتلىرى باشلىنىپ بولغۇچە ئىختىيارىي ھالەتتە خانە كەئبىنى تاۋاپ قىلىش، ھەرەم مەسجىدىدە بەش ۋاق نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش، نەپلە ناماز ئوقۇش دېگەندەك ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرىمىز. چۈنكى، ھەرەم مەسجىدىدە ئوقۇلغان بىر

ۋاق ناماز باشقا ئورۇندا ئوقۇلغان 100 مىڭ
ۋاق نامازدىن ئارتۇقتۇر.
قاچان تەرۋىيە كۈنى (يەنى زۇلھەججە-
نىڭ 8- كۈنى) يېتىپ كەلسە مۇھرىم ھا-
لىتىمىز بىلەن مىناغا چىقىپ ھەج پائالى-
يىتىنى باشلايمىز.

**س: مىنادا نېمە ئىش قىلىمىز؟**

ج: مىناغا تەرۋىيە كۈنىنىڭ پېشىن ۋاق-
تىغا ئۈلگۈرۈپ چىقىپ بولۇشىمىز لازىم.
شۇنىڭدىن تارتىپ ئەرەپە كۈنىنىڭ بامدات
ۋاقتىغىچە شۇ يەردە تۇرىمىز ۋە بۇ جەرياندا
بەش ۋاق نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇيمىز.

**س: ئەرەپە كۈنى كۈن چىققاندا نېمە ئىش قىلىمىز؟**

ج: قاچان ئەرەپە كۈنى (يەنى زۇلھەج-



جىنىڭ 9- كۈنى) كۈن چىقىپ ئازراق كۆ-
تۈرۈلسە، مىنادىن قوزغىلىپ ئەرەپاتقا بارى-
مىز. ئاندىن ئەرەپاتتا كۈن پېتىپ كەت-
كۈچە ۋۇقۇف قىلىپ تۇرىمىز. بۇ ھەج پائالى-
يىتىنىڭ ئىككىنچى پەرزىدۇر. قاچان كۈن
قىيىلىپ پېشىننىڭ ۋاقتى كىرسە، ھەج ئى-
مامى پۈتۈن كىشىلەرنى يىغىپ جۈمە خۇت-
بىسىگە ئوخشاش ئىككى خۇتبە ئوقۇيدۇ،
ئاندىن جامائەتكە ھەج جەريانىدىكى ناماز
ئوقۇش، ئەرەپاتتا تۇرۇش، مۇزدەلىفەدە
تۇرۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش، قۇربانلىق
قىلىش، باش چۈشۈرۈش، زىيارەت تاۋاپى
قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ قائىدىسىنى
تەئلىم بېرىدۇ، ئاندىن بىر ئەزان ۋە ئىككى
تەكبىر بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئالدىغا سۈرۈپ

پېشىن بىلەن قوشۇپ جامائەت بىلەن ئىككى نامازنى جەمئىي تەقدىم قىلىپ ئوقۇيدۇ. بۇ ئىككى نامازنى جەمئىي قىلىپ ئوقۇش ئۈچۈن ھەج ئىمامى ياكى ئۇنىڭ نائىبى بولۇش، ئاندىن بۇ ئىمام مۇھرىم بولۇش ۋە پېشىن ۋاقتى بولۇش قاتارلىقلار شەرتتۇر. شۇڭا، ھەج قىلغۇچى بۇ نامازنى ئۆز چېدىرىدا يالغۇز ياكى ھەج ئىمامىدىن باشقا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇسا، بۇ ئىككى نامازنى جەمئىي تەقدىم قىلمايدۇ، بەلكى ھەربىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. ئەمما، مۇشۇ ھالەتتىمۇ ئىككى نامازنى جەمئىي تەقدىم قىلىپ ئوقۇپ قالغان بولسا، ھەرھالدا ئەسرنى ۋاقتى كىرگەندە قايتا ئوقۇش زۆرۈر ئەمەس.



س: نامازدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز؟

ج: تۇرۇۋاتقان چېدىرلىرىمىزغا قايتىپ كۈن پېتىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن تىلەكلىرىمىزنى تىلەپ، دۇئا ـ تىلاۋەت، ئىستىغپار ۋە زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرىمىز.

ئەرەپاتتىكى بەتنى ئۇرەنەدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى ۋۇقۇف قىلىشقا بولىدىغان جايلاردۇر. ئەمما، رەھمەت تېغى (جەبەل رەھمەت)غا يېقىن جايلاردا تۇرۇش ئەۋزەل.

## مۇزدەلىفىگە بېرىش ۋە ئۇ يەردە تۇرۇشنىڭ بايانى

س: ئەرەپە كۈنى كۈن پاتقاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز؟

ج: قاچان ئەرەپە كۈنىنىڭ كۈنى پاتسا، ئەرەپات مەيدانىدىن مۇزدەلىفىگە ماڭىمىز. شام نامىزىنى ئەرەپاتتىمۇ ۋە مۇزدەلىفە يولىدىمۇ ئوقۇمايمىز. قاچان مۇزدەلىفىگە يېتىپ بارساق، ھەج ئىمامى ياكى باشقا ئىمام بىلەن شام ۋە خۇپتەننى بىر ئەزان ۋە بىر تەكبىر بىلەن جەمئىي تەئخىر قىلىپ ئوقۇيمىز.

مۇزدەلىفىدىكى بەتنى مۇھەسسىردىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى تۇرۇشقا بولىدىغان جايلاردۇر. ئۇ يەردىكى ئەۋزەل ئورۇن مەشئەرىلھەرام (ئۇ قۇزەھ تېغىمۇ دېيىلىدۇ) بولۇپ، نامازنى شۇ يەردە ئوقۇغان ياخشى (ھەم شۇ يەردە بىر مەسجىد بار).



**س: مۇزدەلىفىدىكى نامازنى جامائەتسىز يالغۇز ئوقۇپ قالساقمۇ ئىككى نامازنى جەمئىي قىلىپ ئوقۇيمىزمۇ؟**

ج: ھەئە. چۈنكى، مۇزدەلىفىدىكى ئىككى نامازنى جەمئىي قىلىپ ئوقۇشتا جامائەت شەرت ئەمەس.

**س: شامنى ئەرەپاتتا ياكى يولدا ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: بۇ كۈپايە قىلمايدۇ (يەنى ھېساب بولمايدۇ)، شۇڭا مۇزدەلىفىگە يەتكەندە ئۇنى قايتا ئوقۇش لازىم بولىدۇ.

**س: بۇ نامازدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز؟**

ج: سۈبھى سادىققىچە شۇ يەردە يېتىپ ئارام ئالىمىز ياكى خالىغان نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاچان سۈبھى سادىق ئاشكارا بولسا، بامدات نامازنى جامائەت بىلەن تاڭ قاراڭغۇسىدا (يەنى غەلەستە) ئوقۇيمىز. ئاندىن دۇئا، ئىستىغپار ۋە زىكرىلەرنى ئېيتىپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن مىناغا قاراپ ئاتلىنىمىز. ۋادى مۇھەسسىرغا كەلگەندە مېڭىش سۈرئىتىمىزنى تېزلىتىپ چاققان ئۆتۈپ كېتىمىز. چۈنكى، بۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ غەزىپى ياغقان ئورۇندۇر.

## مىناغا چىقىش، تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش ۋە چاچ چۈشۈرۈشنىڭ بايانى

س: مۇزدەلىفەدىكى پائالىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز؟



ج: تېز يول يۈرۈپ مىناغا يېتىپ بېرىپ جەمرە ئەقەبە (يەنى ئەقەبەدىكى شەيتانغا سىمۋول قىلىنغان تاش، بۇ چوڭ شەيتانمۇ دېيىلىدۇ)گە يەتتە تال تاش (بۇنىڭغا مېغىزدەك چوڭلۇقتىكى تاش بولسا بولىدۇ) ئاتىمىز. تاش ئاتقاندا يېقىن بېرىپ يەڭگىل ئېتىش كېرەك (ئەۋزىلى يېقىن بېرىپ تاشنى تىرناق بىلەن ئىتتىرىپ ئېتىشتۇر)، كۈچەپ ئېتىپ ئەتراپتىكى كىشىلەرگە تەگكۈزۈپ سېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. شۇنىڭدەك، يەتتە تال تاشنى بىراقلا ئېتىشقا بولمايدۇ، ھەر قېتىمدا بىرلا تاش ئېتىلىدۇ. ھەربىر تاشنى ئاتقاندا مۇنداق دەيمىز: «بِسْمِ اللهِ اَللهُ أَكْبَرُ رِضًا لِلرَّحْمٰنِ وَرَغْمًا

لِلشَّيْطَانِ»[①]. تاشنى ئېتىپ بولۇپ تۇرمايلا يولىمىزغا ماڭىمىز.

بۇ كۈندىكى تاش ئېتىش كۈن چىققاندىن كېيىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، تاش ئېتىشنى باشلىغان ھامان تەلبىيە ئېيتىشنى توختىتىش زۆرۈر.

**س: ئىفراد ھەج قىلغۇچىغا قۇربانلىق كېلەمدۇ؟**

ج: كەلمەيدۇ، لېكىن ئىفراد ھەج قىلغۇچىنىڭمۇ قۇربانلىق قىلىشى مۇستەھەب (يەنى تەكىتسىز سۈننەت)تۇر.

**س: جەمرە ئەقەبەگە تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز؟**

① مەنىسى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، (بۇ ئىشىم) رەھمان تەئالانى رازى قىلىش ۋە شەيتاننى خارلاش ئۈچۈندۇر.



ج: چېچىمىزنى چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىمىز. بۇنىڭدا چاچ چۈشۈرۈش ئەۋزەل[①].

شۇنىڭ بىلەن ئاياللار بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن باشقا ھەممە ئىش رۇخسەت بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئېھراملىقنى سېلىۋېتىپ ئادەتتىكى كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىۋېلىشقا بولىدۇ ... ۋەھاكەزا.

**س: ئىفراد ھەج قىلغۇچى قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، چاچ چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىشنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن قىلامدۇ ياكى كېيىنمۇ؟**

① ئەمما، تەمەتتۇئ ياكى قىران ھەج قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاندىن چاچ چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ج: ئىككىلىسى دۇرۇس، لېكىن قۇربانلىق قىلىپ بولۇپ ئاندىن چاچ چۈشۈرۈشى ياكى قىسقارتىشى ئەۋزەل.

**س: چاچنى قەيەردە چۈشۈرىمىز ياكى قىسقارتىمىز؟**

ج: بۇ ئىش ھەرەم چېگراسى ئىچىدە بولۇشى لازىم. ئەگەر چاچنى ھەرەمنىڭ سىرتىدا چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ قويغان بولساق، بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن قان ۋاجىب بولىدۇ.

## زىيارەت تاۋاپىنىڭ بايانى

**س: چاچ چۈشۈرۈپ ئىھرامدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز؟**



ج: كىيىملىرىمىزنى كىيىپ ھەرەم مەسجىدىگە بېرىپ ھەجنىڭ ئۈچىنچى پەرزى بولغان زىيارەت تاۋاپىنى قىلىمىز. بۇ تاۋاپنى نەھرى كۈنى (يەنى زۇلھەججىنىڭ 10- كۈنى) كۈن چىققاندىن تارتىپ زۇلھەججىنىڭ 12- كۈنى (يەنى ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى) كۈن پاتقىچە بولغان ئارىلىقتا قىلىپ بولۇشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭدا نەھرى كۈنى قىلىش ئەۋزەلدۇر. زىيارەت تاۋاپىنىڭ قائىدىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تاۋاپ قىلىش قائىدىسى بىلەن ئوخشاش.

زىيارەت تاۋاپىنى كامىل ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تولۇق ھالال بولۇپ كېتىمىز. يەنى، ئەمدى ئاياللىرىمىز بىلەن بىرگە بولۇشىمىزغىمۇ رۇخسەتتۇر.

**س: زىيارەت تاۋاپىدىمۇ رەملە ۋە ئىزتىبائ قىلىمىزمۇ؟**

ج: دەسلەپكى قۇدۇم تاۋاپىدا سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلمىغان بولساق، نۆۋەتتىكى زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىمىز. شۇڭا، زىيارەت تاۋاپىدىكى ئەۋۋەلقى ئۈچ ئايلىنىشتا رەملە قىلىمىز، لېكىن ئىزتىبائقا ئورۇن يوق. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى كىيىپ بولغان بولىمىز. ئەگەر زىيارەت تاۋاپىدىن ئىلگىرى سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىپ بولغان بولساق، زىيارەت تاۋاپىدا رەملە قىلمايمىز. چۈنكى، بۇ چاغدا زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش زۆرۈر ئەمەس.



**س: زىيارەت تاۋاپىنى نەھرىنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىن كېيىن قىلىپ قالساق قانداق بولىدۇ؟**

ج: ئەگەر زىيارەت تاۋاپىنى ئۆزرىسىز زۇلھەججىنىڭ 12- كۈنى كۈن پاتقاندىن كېيىن قىلىپ قالساق، بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن قان ۋاجىب بولىدۇ.

لېكىن، ئاياللار ھەيز، نىپاس دېگەندەك ئۆزرىلەر بىلەن كېيىن قالغان بولسا، ئۇلارغا قان ۋاجىب بولمايدۇ.

## ئۈچ ئورۇندا تاش ئېتىشنىڭ بايانى

**س: زىيارەت تاۋاپىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز؟**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ج: مىناغا قايتىپ زۇلھەججىنىڭ 12-
كۈنى كەچكىچە شۇ يەردە تۇرىمىز. بۇ
جەرياندا زۇلھەججىنىڭ 11- ۋە 12- كۈنلە-
رى چۈشتىن كېيىن (كۈن قىيىلغاندىن كې-
يىن باشلىنىدۇ) جەمرە سۇغرا (بۇ كىچىك
شەيتانمۇ دېيىلىدۇ)، جەمرە ۋۇستا (بۇ
ئوتتۇرانچى شەيتانمۇ دېيىلىدۇ) ۋە جەمرە
كۇبرا (بۇ چوڭ شەيتان ياكى جەمرە
ئەقەبەمۇ دېيىلىدۇ)غا ئايرىم-ئايرىم يەتتە
تالدىن تاش ئاتىمىز. تاش ئېتىشنى ئەۋۋەل
جەمرە سۇغرا (خەيف مەسجىدىگە يېقىن
بولغىنى)دىن باشلايمىز، ئاندىن جەمرە
ۋۇستا، ئاخىردا جەمرە كۇبرا (مەككە تەرەپ-
تىكىسى)غا ئاتىمىز. ھەربىر تاشنى ئاتقاندا



«بِسْمِ اللّٰهِ اَللّٰهُ أَكْبَرُ رِضًا لِلرَّحْمٰنِ وَرَغْمًا لِلشَّيْطَانِ»
دېگەن دۇئانى ئوقۇيمىز. جەمرە سۇغراغا
تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە
بۇرۇلۇپ ئازغىنە تۇرۇپ خالىغان دۇئانى
قىلىمىز. جەمرە ۋۇستادىمۇ شۇنداق قىلىمىز.
لېكىن، جەمرە كۇبراغا تاش ئېتىپ بولغان-
دىن كېيىن دۇئانى كېتىۋېتىپ قىلىمىز، توخ-
تاپ تۇرمايمىز.

زۇلھەججىنىڭ 12- كۈنى كەچتىمۇ مىنادا
قونۇپ زۇلھەججىنىڭ 13- كۈنى چۈشتىن
كېيىن شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ قاي-
تىپ كىرىش ئەۋزەلدۇر، لېكىن ئالدىراپ
زۇلھەججىنىڭ 12- كۈنى چۈشتىن كېيىن
شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپلا قايتىپ

كىرىسىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن، بۇ
كۈنى قايتىپ كىرمەكچى بولغان ئادەم كۈن
پېتىشتىن بۇرۇن قايتىپ كىرىپ بولۇشى
كېرەك. قاچان مىنادىن ئايرىلىپ بولغۇچە
كۈن پېتىپ كەتسە، ئۇ كىشىنىڭ زۇلھەجـ
جىنىڭ 13- كۈنىنىڭ تېشىنى ئاتماستىن
قايتىشى مەكرۇھتۇر. ئەگەر مىنادىن ئايرىـ
لىپ بولغۇچە زۇلھەججىنىڭ 13- كۈنى تاڭ
ئېتىپ قالسا، بۇ كۈنىنىڭ تېشىنى ئېتىش ئۇ
كىشى ئۈچۈن ۋاجىبقا ئۆرىلىدۇ.

**س: نەھرىنىڭ كېيىنكى ئىككى كۈندىـ
كى ئاتىدىغان تاشنى چۈشتىن بۇرۇن ئاتـ
سىمۇ بولامدۇ؟**

ج: بۇ ئىككى كۈندىكى تاش ئېتىش



ۋاقتى كۈن قىيىلغاندىن تارتىپ كېيىنكى
كۈنى سۈبھى يورۇغۇچىدۇر. ئەمدى كىمكى
ئالدىراپ چۈشتىن بۇرۇن ئاتقان بولسا، بۇ
كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا، قايتا ئېتىش زۆرۈر.

**س: بۇ ئىككى كۈندىكى تاش ئېتىشتىن
پارىغ بولۇپ بولساق نېمە ئىش قىلىمىز؟**

ج: ئالدىرىساق مەككىگە قايتساقمۇ بولىـ
دۇ، ئالدىرىمىساق زۇلھەججىنىڭ 13- كۈنىنىڭ
تېشىنىمۇ ئېتىۋېتىپ كىرىش ئۈچۈن مىنادا
قېلىپ قالساقمۇ بولىدۇ. بۇ كۈنىنىڭ تېشىنى
چۈشتىن بۇرۇن ئېتىشقىمۇ رۇخسەتتۇر، لېـ
كىن بىرئاز مەكرۇھلۇق بار. ئەمما، كۈن پېـ
تىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىشقا بولمايدۇ.
بۇ كۈنىنىڭ تېشىنى شۇ چاغقىچە ئاتالمىغان
كىشى ئەمدى ئاتمىسىمۇ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



**س: مىنادىن رەسمىي قايتىپ كىرىشتىن بۇرۇن يۈك-تاقلىرىمىزنى مەككىگە يۆتكىۋەتسەك بولامدۇ؟**

ج: بۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر.

**س: مىنادىن يېنىپ ئۇدۇل مەككىگە كىرىپ كېتىمىزمۇ؟**

ج: مىنادىن يانغاندا مۇھەسسەب (ياكى ئەبتەھ) ۋادىسىغا چۈشۈپ ئۆتۈش سۈننەتتى كىفايىدۇر.

## ۋىدالىشىش تاۋاپىنىڭ بايانى

**س: مىنادىن قايتىپ كىرىپ نېمە ئىش قىلىمىز؟**

ج: شۇنىڭدىن كېيىن ھەج پائالىيەتلىرىدىن پەقەت ۋىدالىشىش تاۋاپىلا قېلىپ قالىدۇ. بۇ مىقاتنىڭ سىرتىدىن كەلگەن كىشىلەر ئۈچۈن ۋاجىبتۇر.



شۇڭا، مىنادىن قايتىپ كىرىپ ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلىۋېتىپ ۋەتەنگە دەرھال قايتساقمۇ ياكى مەككىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئاندىن قايتساقمۇ بولىدۇ.

**س: ۋىدالىشىش تاۋاپىنى مەككىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتقا قەدەر تەخىر قىلىش زۆرۈرمۇ؟**

ج: ئۇنداق قىلىش مۇستەھەبتۇر.

شۇنداقلا، زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىن بىرەر نەپلە تاۋاپ قىلغان بولساق، ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلالماي قالساقمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

**س: ۋىدالىشىش تاۋاپىدا رەملە ۋە ئىزتىبائ قىلىمىزمۇ؟**

ج: بۇ تاۋاپتىن كېيىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش بولمىغاچقا، ئۇنىڭدا رەملە ۋە ئىزتىبائ قىلمايمىز.

**س: ۋىدالىشىش تاۋاپى جەريانىدا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك باشقا ئىشلارمۇ بارمۇ؟**

ج: بار، يەنى تاۋاپنىڭ ئىككى رەكئەت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تەبەررۈك ئىزدىگەن ھالەتتە خانە كەئبىگە قاراپ ئۆرە تۇرۇپ قېنىپ قورساقلىرىمىز چىقىپ كەتكۈچە زەمزەم سۈيى ئىچىمىز①، ئاندىن خانە

① چۈنكى، بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر پەرق شۇكى، ئۇلار زەمزەم سۈيىدىن قانغۇچە ئىچمەيدۇ».



كەئبىنىڭ ئىشىك بوسۇغىسىنى بوسە قىلىش، مۇلتەزەم①گە كۆكرىكىمىزنى ۋە يۈزىمىزنى يېقىش، يوپۇقلارغا ئېسىلىش قاتارلىق ئەمەللەر ئارقىلىق زارۇ-تەزەررۇ قىلىپ ۋە يىغلاپ ئاللاھ تەئالاغا بولغان سۆيگۈ-ئېھتىرامىمىزنى ئىزھار قىلىمىز ۋە تىلەكلىرىمىزنى تىلەيمىز. چۈنكى، بۇ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتى ياغىدىغان ئورۇندۇر. ئاندىن مۇمكىن بولسا خانە كەئبىدىن كۆزىمىزنى ئۈزەلمىگەن ۋە ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالەتتە ھەرەم مەسجىدىدىن ئارقىچە مېڭىپ يېنىپ چىقىمىز②.

① بۇ ھەجەر ئەسۋەد بىلەن خانە كەئبىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئارىلىقىدۇر.

② گەرچە بۇ سۈننەت بولمىسىمۇ ياكى بۇ ھەقتە بىرەر مەرفۇئ ھەدىس بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆلىمالارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## قىسمەن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بايانى

**س: بىراۋ مىقاتتىن ھەجگە ئېھرام باغلاپ، مەككىگە كىرمەستىن ئۇدۇل ئەرەپاتقا بېرىپ ۋۇقۇف قىلغان بولسا، يەنى قۇدۇم تاۋاپىنى قىلالمىغان بولسا قانداق قىلىدۇ؟**

ج: قۇدۇم تاۋاپى ساقىت بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىگە ھېچقانداق جىنايەت يۈكلەنمەيدۇ.

**س: بىراۋ ئەرەپاتقا يېتىپ كەلگەندە كۈن پېتىپ بولغان بولسا، ئۇ كىشى ھەجنى تاپقان بولامدۇ؟**

---

ئورتاق تونۇشتا بۇ ئىش ياخشى سانالغان. چۈنكى، بۇنىڭ بىلەن زىيادە ھۆرمەت ئىپادىلىنىدۇ ۋە خانە كەئبىگە كۆپراق قارىۋېلىشقا ئىمكانىيەت بولىدۇ.



ج: كىشى ئەرەپە كۈنى كۈن قىيىلغاندىن تارتىپ نەھرى كۈنىنىڭ بامدات ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئازغىنە (ھەتتا بىر نەچچە مىنۇت) بولسىمۇ ئەرەپاتتا ۋۇقۇف قىلىپ تۇرالىغان بولسا، ئۇ كىشى ھەجنى تاپقان بولىدۇ.

**س: ھەج قائىدىلىرى ئەر-ئايال ئىككىلىسى ئۈچۈن ئورتاقمۇ؟ ياكى بىر ئاز پەرق بارمۇ؟**

ج: مۇنۇ ئەھۋاللاردىن باشقا قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشتۇر، يەنى ئاياللار: 1) ئىددەت تۇتۇۋاتمىغان ھالەتتە ئېرى ياكى بىر مەھرىمى ھەمراھ بولغاندىلا ئاندىن ئۆمرە ياكى ھەج قىلالايدۇ. 2) ئېھراملىق كىيىمەيدۇ، بەلكى ئۆز كىيىملىرى بىلەنلا ئېھرامغا

كىرىدۇ، يەنى ئۇلارغا كىيىنىشتە ھېچقانداق چەكلىمە يوق بولۇپ، تىكىلگەن كىيىم، ئۇشۇقنى ياپىدىغان ئاياغ، پايپاق ۋە پەلەي ... كىيسە بولىدۇ. 3) ئېھرام ئىچىدە بېشىنى يۆگەيدۇ، پەقەت يۈزىنىلا ئوچۇق قويىدۇ[①]. 4) تەلبىيە ئېيتقاندا ئاۋازىنى كۆتۈرمەيدۇ. 5) تاۋاپتا رەمەلە ۋە ئىزتىبائ قىلمايدۇ. 6)

① چۈنكى، ئەر كىشىنىڭ ئېھرامى باشىنى ئوچۇق قويۇش بىلەن بولىدۇ، ئايال كىشىنىڭ ئېھرامى يۈزىنى ئوچۇق قويۇش بىلەن بولىدۇ. ئەمما، يۈزىگە تەگمىگەن ئاساستا زۆرۈرىيەتتە يۈزىنى يېپىۋېلىش يۈزىنى ئوچۇق قويۇشقا خىلاپ كەلمەيدۇ. شۇڭا، مەستۇرە ئايالLar ئېھرام ئىچىدە ياتلارنىڭ نەزەرلىرىدىن خەۋپسىرىگىنىدە شەپكە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش چېكىلىكى بار نەرسە كىيىۋېلىپ، ئۈستىدىن رومىلىنى تاشلىۋالسا بولىدۇ.



ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىغا خالىغان ۋاقىتتا بارسا بولمايدۇ، پەقەت ئەرلەردىن خالىي بولغان ۋاقىتلاردىلا بارسا بولىدۇ. مەقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغاندىمۇ شۇنداق. 7) سەئيىدە يېشىل چىراغ ئارىلىقىدا يۈگۈرمەيدۇ ۋە بەك قىستاڭچىلىق بولسا سەفا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقمايدۇ. 8) قىستاڭچىلىقتىن قورقۇپ مۇزدەلىفىدە ئەتىگەنگىچە تۇرماي، تاشنى كېچىدە ئېتىۋېلىش ئۈچۈن مىناغا كېچىسى كەلسىمۇ بولىدۇ. 9) ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرمەيدۇ، بەلكى ئازغىنە قىسقارتىدۇ. 10) ھەيزدار ۋە نىپاسدار ھالەتتە ھەجگە ئېھرامغا كىرگەن ياكى ئېھرامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ھەيزدار ياكى نىپاسدار بولۇپ قالغان بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com



سا ۋە تەرۋىيە كۈنگچە پاكلىنىپ بولالمىسا، قۇدۇم تاۋاپىنى تەرك ئېتىدۇ، مىناغا چىقىۋېرىدۇ، ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايدۇ، پەقەت زىيارەت تاۋاپىنى پاكلانغۇچە كېچىكتۈرىدۇ. 11) ئەگەر زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىن ھەيزدار ياكى نىپاسدار بولۇپ قالسا ۋە ۋەتەنگە قايتىش ۋاقتى كېلىپ بولغۇچە پاكلىنىپ بولالمىسا، ۋىدالىشىش تاۋاپىنى تەرك ئەتسە بولىدۇ.

## ئۆمرىنىڭ بايانى

**س: ئۆمرە دېگەن نىمە؟**

ج: بۇ لۇغەتتە زىيارەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ، شەرئىي ئىستىلاھتا بولسا خاس



ئەمەللەر بىلەن خانە كەئبىنى زىيارەت قىلىش ئۆمرە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇ ئېھرامغا كىرىش، خانە كەئبىنى تاۋاپ قىلىش، سەفا-مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش ۋە چاچ چۈشۈرۈپ ياكى قىرقىپ ئېھرامدىن چىقىشتىن ئىبارەت تۆت ئەمەلدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

**س: ئۆمرىنىڭ پەرزى نەچچە؟ ئۇلار قايسى؟**

ج: ئىككى: 1) ئېھرامغا كىرىش. 2) خانە كەئبىنى تاۋاپ قىلىش.

**س: ئۆمرىنىڭ ۋاجىبى نەچچە؟ ئۇلار قايسى؟**

ج: ئىككى: 1) سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش. 2) چاچ چۈشۈرۈپ ياكى قىرقىپ ئېھرامدىن چىقىش.

**س: ئۆمرىنىڭ ھۆكمى نىمە؟**

ج: قادىر بولغان كىشىگە ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆمرە قىلىش تەكىتلەنگەن سۈننەت (سۈننەتى مۇئەككەدە)تۇر.

**س: ئۆمرىگە قەيەردە ئىھرامغا كىرىمىز؟**

ج: مىقاتتا ئىھرامغا كىرىمىز. ئىھرامغا كىرىشنىڭ ئالدىدا غۇسۇل قىلىمىز ياكى تاھارەت ئالىمىز. ئاندىن ئىھرامنىڭ سۈننىتى دېگەن نىيەت بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمىز. ئاندىن ئىھراملىقىمىزنى كىيىمىز (ئاياللار ئۆز كىيىمى بىلەنلا تۇرىدۇ)، ئاندىن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇپ نىيەت قىلىمىز: «اَللّٰهُمَّ إِنِّىْ أُرِيْدُ الْعُمْرَةَ فَيَسِّرْهَا لِىْ وَتَقَبَّلْهَا مِنِّىْ» (ئى ئاللاھ! مەن ئۆمرىگە نىيەت باغلىدىم، ماڭا ئۇنى ئاسان قىلىپ بەرگىن ۋە ئۇنى مەندىن قوبۇل



قىلغىن). ئاندىن ئۈنلۈك ئاۋازدا تەلبىيە ئېيتىمىز (ئاياللار پەس ئاۋازدا ئېيتىدۇ). مۇشۇ تەلبىيە ئېيتىش بىلەن تەڭ ئۆمرىنىڭ ئىھرامغا كىرگەن بولۇپ ھېسابلىنىمىز.

مەككىگە كىرگەندە ھەرەم مەسجىدىگە بېرىپ ھەجنىڭ بايانىدا ئۆتكەن قائىدىلەر بويىچە خانە كەئبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىمىز، ئاندىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلىمىز. سەفادىن مەرۋىگە بارساق بىر قېتىم سەئيى قىلغان بولىمىز، مەرۋىدىن سەفاغا كەلسەك بىر قېتىم سەئيى قىلغان بولىمىز. سەئيى سەفادىن باشلىنىپ مەرۋىدە ئاياغلىشىدۇ. ئاندىن شۇ مەرۋىدە چېچىمىزنى چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ ئىھرامدىن چىقىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**س: ئۆمرە ئېھرامىدا قايسى ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم؟**

ج: ھەجنىڭ ئېھرامىدا ساقلىنىدىغان ئىشلاردىن ئۆمرىنىڭ ئېھرامىدىمۇ ساقلىنىشىمىز لازىم.

**س: ئېھرامدىكى تەلبىيىنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: بىر قېتىم ئېيتىش شەرتتۇر، كۆپلەپ ئېيتىش مۇستەھەبتۇر. ئەمما، خانە كەئبىگە يېتىپ بېرىپ تاۋاپنى باشلىغان ھامان تەلبىيە ئېيتىشنى توختىتىمىز.

**س: ئۆمرىدىمۇ قۇدۇم تاۋاپى ۋە ۋىدالىشىش تاۋاپى بارمۇ؟**

ج: يوق.

**س: ئۆمرە ئۈچۈن ھەجگە ئوخشاش بەلگىلەنگەن مەخسۇس ۋاقىت بارمۇ؟**



ج: يوق، شۇڭا يىلنىڭ قايسى ۋاقتىدا ئۆمرە قىلساق بولىۋېرىدۇ. لېكىن، زۇلھەججىنىڭ 9- كۈنىدىن باشلاپ 13- كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆمرە قىلىش مەكرۇھ تەھرىمىيدۇر.

رامىزاندا ئۆمرە قىلىشنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ساۋابتا ھەجنىڭ ساۋابىغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

**س: ئۆمرىنى ھەج بىلەن بىرگە قىلىشقىمۇ بولامدۇ؟**

ج: بولىدۇ.

## قىران ھەجنىڭ بايانى

**س: قىران ھەج دېگەن نېمە؟**

ج: مىقاتتىا ھەج ۋە ئۆمرە ئىككىلىسىگە تەڭ نىيەت قىلىنىپ، ئۆمرە بىلەن ھەج بىر ئىھرام ئىچىدە ئادا قىلىنغان ھەج ــــ قىران ھەج (جۈپ ھەج) دەپ ئاتىلىدۇ.

**س: ئۈچ خىل ھەجدىن قايسىسى ئەۋزەل؟**

ج: قىران ھەج ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر، تەمەتتۇئ ھەج ئىفراد ھەجدىن ئەۋزەلدۇر.

**س: قىران ھەجنىڭ ئايرىم قائىدىلىرىنى بايان قىلىڭ؟**

ج: بۇنىڭدا مىقاتتىا ئۆمرە ۋە ھەجگە بىرلىكتە نىيەت قىلىمىز: «اَللّٰهُمَّ إِنِّيْ أُرِيْدُ الْعُمْرَةَ وَالْحَجَّ فَيَسِّرْهُمَا لِيْ وَتَقَبَّلْهُمَا مِنِّيْ» (ئى ئاللاھ! مەن ئۆمرە ۋە ھەجگە نىيەت باغلىدىم، ماڭا ئۇ ئىككىسىنى ئاسان قىلىپ



بەرگەن ۋە ئۇ ئىككىسىنى مەندىن قوبۇل قىلغىن). مەككىگە يېتىپ بارساق يۈكتاقلىرىمىزنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپلا ھايال بولماي ھەرەم مەسجىدىگە بېرىپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تاۋاپنىڭ خاس قائىدىلىرى بويىچە ئۆمرە نىيىتى بىلەن خانە كەئبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىمىز ۋە سەفا-مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلىمىز. لېكىن، سەئيىدىن كېيىن چېچىمىزنى چۈشۈرمەيمىز ۋە قىرقىمايمىز. بۇنىڭ بىلەن ئۆمرىنىڭ پائالىيىتى ئاياغلىشىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەج ئۈچۈن قۇدۇم تاۋاپى قىلىمىز ۋە سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىمىز. دىققەت قىلىدىغان ئىش شۇكى، قىران ھەج

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



قىلغۇچى ھەج پائالىيەتلىرى كېلىپ قۇربان-
لىقنى زەبھى قىلىپ بولغىچە ئېھرامدىن
چىقىشقا بولمايدۇ.

**س: قىران ھەج قىلغۇچىغا ئىفراد ھەج قىلغۇچىغا قارىغاندا ئوشۇق بىرەر ئەھكام بارمۇ؟**

ج: بار، يەنى ئۇنىڭغا نەھرى كۈنى
جەمرە كۇبرانىڭ تېشىنى ئېتىپ بولغاندىن
كېيىن بىر دانە قوي ياكى تۆگىنىڭ يەتتە-
دىن بىرىنى قۇربانلىق قىلىش ۋاجىبتۇر.
بۇ قۇربانلىق بولسا ئاللاھ تەئالانىڭ
ھەج بىلەن ئۆمرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى جەمئىي
قىلىپ بەرگەنلىك نېئمىتىنىڭ شۈكرانىسىدۇر.
قۇربانلىقتىن كېيىن چاچ چۈشۈرۈپ
ياكى قىسقارتىپ ئۆمرە بىلەن ھەجنىڭ ئېھ-



-رامىدىن بىراقلا چىقىمىز. لېكىن، زىيارەت
تاۋاپىنى ئادا قىلمىغۇچە ئاياللارغا يېقىنچى-
لىق قىلىش يەنىلا چەكلىنىدۇ.

**س: قۇربانلىق سېتىۋېلىشقا پۇل بولمىسا قانداق قىلىمىز؟**

ج: ھەج مەزگىلىدە ئەرەپە كۈنىگىچە ئۈچ
كۈن روزا تۇتىمىز، بۇنىڭدا ئارقىمۇئارقا تۇتۇش-
قىمۇ، ئارىلاپ-ئارىلاپ تۇتۇشقىمۇ بولىدۇ.
ئەمما، ئاخىرقى كۈنلەردە بولسىمۇ قۇربان-
لىق قىلىشقا قۇدرىتىم يېتىپ قالسا ئەجەب
ئەمەس دېگەن ئۈمىد بىلەن كېچىكتۈرۈپ
زۇلھەججىنىڭ 7-، 8- ۋە 9- كۈنلىرى تۇتۇش
مۇستەھەبتۇر. ئاندىن ھەجدىن قايتىپ
يەتتە كۈن روزا تۇتىمىز، بۇ جەمئىي 10 كۈن
بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قۇربانلىقنىڭ ئۆ-
زىنى باسىدۇ.

**س: ئەگەر ھەج مەزگىلىدە ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ بولغۇچە نەھرى كۈنى كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟**

ج: بۇ چاغدا قۇربانلىق قىلىشتىن باشقا يول قالمايدۇ. شۇڭا، بىر ئامال قىلىپ قۇربانلىق قىلىشىمىز لازىم.

**س: ھەجدىن كېيىن تۇتىدىغان يەتتە كۈن روزىنى ۋەتەنگە قايتىشتىن ئىلگىرى مەككىدە تۇتسىمۇ بولامدۇ؟**

ج: بولىدۇ، بۇنىڭدا ھېچ كەراھەت يوق.

**س: قىران ھەجگە ئىھرام باغلىغان كىشى مەككىگە كىرمەي ئۇدۇل ئەرەپاتقا كەتسە، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: بۇنداق ئادەم ئۆمرىنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن قىران ھەج قىلغۇچى ھېساب-



لانمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن قۇربانلىق ساقىت بولىدۇ. لېكىن، نىيەت قىلىپ بولغان ئۆمرىنى تەرك ئەتكەنلىك جىنايىتىنىڭ جازاسى ئۈچۈن قان ۋاجىب بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ئۆمرىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشمۇ ۋاجىب بولىدۇ.

## تەمەتتۇئ ھەجنىڭ بايانى

**س: تەمەتتۇئ ھەج دېگەن نېمە؟**

ج: ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن، شۇ قېتىمقى سەپەر ئىچىدە ئادا قىلىنغان ھەج — تەمەتتۇئ ھەج (يەنى بەھرىمەن ھەج) دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭدا مىقاتتىنا پەقەت ئۆمرىگىلا نىيەت باغلايمىز، ئۆمرە قىلىپ بولۇپلا ئىھرامدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىقىپ كېتىمىز ۋە تەرۋىيە كۈنى كەلگەندە
ھەجگە يېڭىدىن ئېھرامغا كىرىمىز. بۇ ئېھ-
رامنى ھەرەمنىڭ ئىچىدىلا باغلىساق بولى-
دۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مىناغا چىقىپ ھەج-
نىڭ پائالىيەتلىرىنى باشقا ھاجىلارغا ئوخ-
شاش ئادا قىلىمىز. پەقەت بۇ خىل ھەج
شەكلىدە ئىفراد ياكى قىران ھەج قىلغۇچىغا
ئوخشاش قۇدۇم تاۋاپى قىلىش يوق. ئەگەر
مىناغا چىقىشتىن بۇرۇن بىرەر تاۋاپ قىلىپ
قالساق، ئۇ نەپلە تاۋاپلا بولىدۇ. شۇنداقلا،
بۇ تاۋاپتىن كېيىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا
سەئيى قىلغان بولساق، خۇددى قۇدۇم
تاۋاپىدىن كېيىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئ-
يى قىلغۇچىغا تاۋاپ زىيارەتتىن كېيىن
سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش ساقىت



بولغاندەك، بىزدىنمۇ ساقىت بولىدۇ. تەمەت-
تۇئ ھەج قىلغۇچىغىمۇ قىران ھەج قىلغۇچى-
غا ئوخشاش جەمرە كۈبرانىڭ تېشىنى ئې-
تىپ بولغاندىن كېيىن بىر دانە قوي ياكى
تۆگىنىڭ يەتتىدىن بىرىنى قۇربانلىق قى-
لىش ۋاجىبتۇر. ئەگەر قۇربانلىق تاپالمى-
ساق ھەج مەزگىلىدە ئەرەپە كۈنىگىچە ئۈچ
كۈن روزا تۇتىمىز، بۇنىڭدا ئارقىمۇئارقا
تۇتۇشقىمۇ، ئارىلاپ-ئارىلاپ تۇتۇشقىمۇ
بولىدۇ. ئەمما، ئاخىرقى كۈنلەردە بولسىمۇ
قۇربانلىق قىلىشقا قۇدرىتىم يېتىپ قالسا
ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىد بىلەن كې-
چىكتۈرۈپ زۇلھەججىنىڭ 7-، 8- ۋە 9- كۈن-
لىرى تۇتۇش مۇستەھەبتۇر. ئاندىن ھەج-
دىن قايتىپ يەتتە كۈن روزا تۇتىمىز، بۇ

جەمئىي 10 كۈن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قۇربانلىقنىڭ ئىزىنى باسىدۇ.

**س: تەمەتتۇئ ھەج قىلغۇچى ئۆزى بىلەن بىرگە قۇربانلىق ھەيدەپ كەلگەن بولسا، ئۆمرىدىن كېيىن ئىھرامدىن چىقسا بولامدۇ؟**

ج: بولمايدۇ، بەلكى ئۇ كىشى ئىھرامدىن چىقالمايدۇ. قاچان تەرۋىيە كۈنى كەلسە، شۇ ئىھرامى ئىچىدە يەنە يېڭىۋاشتىن ھەجگە ئىھرام باغلايدۇ. نەھرى كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىپ ۋە قۇربانلىقنى زەبھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن چېچىنى چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ ئۆمرە ۋە ھەج ئىككىسىنىڭ ئىھرامىدىن بىراقلا چىقىدۇ.



**س: تەمەتتۇئ ھەج قىلغۇچى تەرۋىيە كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن ھەجگە ئىھرام باغلىسا بولامدۇ؟**

ج: بولىدۇ، بەلكى ئالدىراپ تەرۋىيە كۈنىدىن بۇرۇن ئىھرامغا كىرىش ئەۋزەلدۇر.

## ھەج ئايلىرىنىڭ بايانى

**س: ھەج ئايلىرى قايسى؟**

ج: شەۋۋال (10- ئاي)، زۇلقەئدە (11- ئاي) ۋە زۇلھەججە (12- ئاي)نىڭ 10 كۈنىدۇر.

**س: ھەج ئېيىدىن ئىلگىرى ھەجگە ئىھرامغا كىرىشكە بولامدۇ؟**

ج: بۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



س: بىراۋ ھەج ئايلىرى ئىچىدە ئۆمرە قىلىپ، ئاندىن مەككىدە تۇرماستىن يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ، كېيىن ھەج ۋاقتىدا قايتا كەلگەن بولسا، بۇنداق كىشىمۇ تەمەتتۇئ ھەج قىلغۇچى ھېسابلىنامدۇ؟

ج: ئۆمرىگە كەلگەندە قۇربانلىق ھەيدەپ كەلمىگەنلا بولسا، ئۇ بۇ ھالەتتە تەمەتتۇئ ھەج قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا تەمەتتۇئنىڭ قۇربانلىقىمۇ ۋاجىب بولمايدۇ.

## ئۆمرە ۋە ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ قىلىشقا بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ بايانى

س: قايسى كىشىلەرنىڭ قىران ياكى تەمەتتۇئ ھەج قىلىشقا بولمايدۇ؟



ج: مەككىلىكلەر ۋە مىقاتنىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدىكىلەر (ۋاقىتلىق شۇ يەردە تۇرغۇچىلارمۇ مۇشۇ ھۆكۈمدە) قىران ياكى تەمەتتۇئ ھەج قىلسا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەت ئىفراد ھەج قىلىشىغىلا بولىدۇ.

## بالىلار ۋە ساراڭلارنىڭ ھەجىنىڭ بايانى

س: نابالىغلار ۋە ساراڭلارنىڭ ھەج قىلىشى دۇرۇسمۇ؟

ج: دۇرۇستۇر، لېكىن بۇ ئۇلار ئۈچۈن نەپلە ھەج بولىدۇ. شۇڭا، بالاغەتكە يەتكەندە ياكى ساراڭلىقتىن ئوڭشالغاندا ھەج پەرز بولغان بولسا، ئۇنى قايتا ئادا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇلار ھەجنى ئۆزى ئادا قىلالىسا ياخشى، ئەگەر ئۆزى ئوبدان ئادا قىلالمىسا يېنىدىكىلەر ياردەملەشسىمۇ بولىدۇ.

## بەدەل ھەجنىڭ بايانى

**س: بەدەل ھەج دېگەن نېمە؟**

ج: بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا ۋەكالىتەن ئادا قىلغان ھەج ـــ بەدەل ھەج دەپ ئاتىلىدۇ.

**س: بەدەل ھەج قىلىش دۇرۇسمۇ؟**

ج: دۇرۇستۇر.

**س: بەدەل ھەجنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن بىرەر شەرت بارمۇ؟**

ج: پەرز ھەج ئۈچۈن بىر قىسىم شەرتلەر



بار، ئەمما نەپلە ھەج ئۈچۈن ھېچقانداق شەرت يوق.

**س: پەرز ھەج ئۈچۈن بولغان بەدەل ھەجنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى قايسى؟**

ج: 1) بەدەل ھەج مېيىتنىڭ نامىدىن بولۇشى كېرەك ياكى بەدەل ھەج قىلدۇرغۇچى ھايات بولغان تەقدىردە ئۆزىنىڭدىكى ھەجدىن توسۇپ قويغان ئاجىزلىق ۋاپاتىغىچە داۋاملىشىشى كېرەك (مەسىلەن، توكۇر، پالەچ، ئەما، بەك قېرىپ كېتىش، ساقىيىش ئۈمىدى بولمىغان كېسەل ... دېگەندەك)①.

① چۈنكى، ھايات كىشى بىراۋنى بەدەل ھەج قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەجگە ئۆزى بېرىشقا قادىر بولۇپ قالسا، بەدەل ھەج ئۇ كىشى ئۈچۈن نەپلە ھەجلا بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، پەرز ھەجنى ئۆزى قايتا قىلمىسا ئۇنىڭ زىممىسىدىن ساقىت بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



2) ۋەكالەتەن ھەج قىلغۇچى نىيەت قىلغاندا بەدەل ھەج قىلدۇرغۇچىنىڭ نامىدىن نىيەت قىلىشى ۋە شۇ كىشىنىڭ نامىدىن تەلبىيە ئېيتىشى كېرەك. مەسىلەن، ئېھرامنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇنداق نىيەت قىلىمىز: «اَللّٰهُمَّ إِنِّيْ أُرِيْدُ الْحَجَّ عَنْ فُلانٍ فَيَسِّرْهُ لِيْ وَتَقَبَّلْهُ مِنِّيْ وَمِنْ فُلانٍ» (ئى ئاللاھ! مەن پالانىنىڭ نامىدىن ھەجگە نىيەت باغلىدىم، ماڭا ئۇنى ئاسان قىلىپ بەرگىن ۋە ئۇنى مەندىن ۋە پالانىدىن قوبۇل قىلغىن)، ئاندىن مۇنداق دەپ تەلبىيە ئېيتىمىز: «لَبَّيْكَ اللّٰهُمَّ بِحَجَّةٍ عَنْ فُلانٍ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لَا شَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ، إِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ، لَا شَرِيْكَ لَكَ» (پالانىنىڭ نامىدىن ھەج قىلىش ئۈچۈن



ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم ئى ئاللاھ! ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم، ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر، ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم، ھەمدۇسانا، نېئمەت ۋە پادىشاھلىق ساڭا خاستۇر، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر). 3) بەدەل ھەج قىلدۇرغۇچى بەدەل ھەج قىلىشنى بۇيرىغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بىراۋ بىراۋنىڭ ئىزنىسىز ئۇنىڭغا پەرز ھەج ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىپ قويغان بولسا، بۇ ھەج بىلەن ئۇنىڭ زىممىسىدىن پەرز ھەج ساقىت بولمايدۇ. ئەمما، مېيىت ئۈچۈن ۋارىسلارنىڭ بەدەل ھەج قىلىپ قويۇشىدا ئىزنى شەرت ئەمەس. 4) ۋەكالەتەن ھەج قىلغۇچى ھەج قىلىش سالاھىيىتى بار ئەر ياكى ئايال بولۇشى كېرەك.

ئەمما، ۋەكالەتەن ھەج قىلغۇچىنىڭ ئۆز پەرز ھەججىنى ئادا قىلىپ بولغان كىشى بولۇشى شەرت ئەمەس.

**مۇھىم نۇقتا:** بەدەل ھەججىدىكى جىنايەت قېنى ۋە سەدىقىسى ۋەكالەتەن ھەج قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە كېلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ ھەججىنى بۇزۇۋەتسە، كەتكەن چىقىمنى تۆلەيدۇ.

## جىنايەت ۋە ئۇنىڭ جازاسىنىڭ بايانى

**س: ئۆمرە ۋە ھەججىنىڭ جىنايەتلىرى نەچچە قىسىم؟**

ج: ئىككى قىسىم: 1) ئېھرامغا مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر. 2) ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر.



ئېھرامغا مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر تۆۋەندىكىچە: 1) ئەرلەرنىڭ تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشى. 2) ئەرلەرنىڭ بېشىنى يېپىۋېلىشى. 3) ئەر-ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىۋېلىشى. 4) بەدەنگە، ئېھراملىققا ۋە يوتقان-كۆرپىلەرگە خۇشپۇراق بۇيۇم چېچىش ياكى سۈركەش. 5) چاچ، ساقال-بۇرۇت ۋە بەدەندىكى باشقا تۈكلەرنى چۈشۈرۈش، ياكى يۇلۇش، ياكى قىرقىش. 6) تىرناق ئېلىش. 7) قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش، ياكى باشلاپ قويۇش، ياكى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ قويۇش. 8) جىنسىي ئالاقە ياكى ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش.

**مۇھىم نۇقتا:** 1) مەيلى ئېھرامغا مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر بولسۇن، مەيلى ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيەتلىرىگە ئائىت جىنايەتلەر

www.uyghurkitap.com



بولسۇن، ئۇنى بىلىپ قىلىش ياكى بىلمەي قىلىش، ئېسىدە يوق ھالەتتە قىلىش ياكى قەستەن قىلىش، مەجبۇرىي ھالدا قىلىش ياكى ئىختىيارىي ھالدا قىلىش، ئۇيقۇلۇق ھالەتتە قىلىش ياكى ئويغاق ھالەتتە قى-لىش، ئۆزرە بىلەن قىلىش ياكى ئۆزرىسىز ھالدا قىلىشنىڭ پەرقى يوق بولۇپ، شۇ ئىشنى سادىر قىلىپ قويغانلا بولسا، جى-نايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

2) ئىھرام، ئۆمرە ۋە ھەجدىكى جىنايەت-لەرنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلى-نىدىغان قان (دَمٌ) دېگەن ئىبارىدىن كەپ-پارەت يۈزىسىدىن ھەرەم دائىرىسىدە قۇربان-لىق ئۆلچىمىگە توشىدىغان بىر دانە ساغلام قوي، ياكى ئۆچكە، ياكى تۆگە، ياكى كالا (تۆگە بىلەن كالا يەتتە ئادەمگە كۇپايە قى-



لىدۇ)نى ئۆلتۈرۈپ قېنىنى ئېقىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق جىنايەتنىڭ جازاسى (كەپ-پارەت) ئۇچۇن ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ گۆشى-دىن ئۆزى يېيىشكە بولمايدۇ، ئۇ پۈتۈنلەي مەككىنىڭ پېقىر-مىسكىنلىرىگە تەقسىم-لەپ بېرىلىدۇ؛ سەدىقە دېگەن ئىبارىدىن پىترى سەدىقىسىنىڭ ئۆلچىمىدىكى (يەنى بىر كەمبەغەلنىڭ قورسىقى ئىككى قېتىم تويغۇدەك مىقداردىكى) يېمەكلىك ياكى شۇنىڭ قىممىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشنىڭ بايانى

**س: مۇھرىم تىكىلگەن كىيىم كىيسە، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: ئەگەر تىكىلگەن كىيىمنى كىيىپ بىر

كۈندۈز، ياكى بىر كېچە، ياكى شۇنچىلىك ۋاقىت يۈرگەن بولسا، ئۇنىڭغا قان ۋاجىب بولىدۇ.

**س: ئۇنىڭدىن ئازراق ۋاقىت كىيىپ يۈرگەن بولسا، جازاسى نېمە؟**

ج: سەدىقە ۋاجىب بولىدۇ.

**س: كىيىپ يۈرگەن ۋاقىت بىر كۈن ياكى بىر كېچىدىنمۇ ئېشىپ كەتسە، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: بىر قان كۇپايە قىلىدۇ. ئەمما، كەپ-پارەتتىن كېيىن تىكىلگەن كىيىمنى يەنە كىيگەن ياكى سېلىۋەتمەي داۋاملاشتۇرۇپ كىيىۋەرگەن ۋاقتى بىر كۈنگە يەتسە، جازا يەنە تەكرارلىنىدۇ. يەنى، يەنە بىر قان ۋاجىب بولىدۇ.



**س: ئەگەر مۇھرىم خۇشپۇراق بۇيۇم چېچىلغان تىكىلگەن كىيىمنى بىر كۈن ياكى شۇنچىلىك ۋاقىت كىيگەن بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: بۇنىڭغا ئىككى قان ۋاجىب بولىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى تىكىلگەن كىيىم كىيگەنلىك جازاسى ئۈچۈن، يەنە بىرى خۇشپۇراق بۇيۇم ئىشلەتكەنلىك جازاسى ئۈچۈندۇر.

**س: ئۆتۈك (ياكى ئوشۇقنى يېپىپ تۇر-دىغان ئاياغ) كىيگەن بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: بىر كۈن (كۈندۈز) ياكى شۇنچىلىك ۋاقىت كىيىپ يۈرگەن بولسا قان ۋاجىب بولىدۇ، ئۇنىڭغا يەتمىگەن بولسا سەدىقە ۋاجىب بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## باش ۋە يۈزنى يېپىشنىڭ بايانى

س: مۇھرىم بېشى ۋە يۈزنى يېپىپ يۈرگەن بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟

ج: ئەرلەر بېشى ۋە يۈزنى، ئاياللار يۈزىنى پۈتۈن ياكى تۆتتىن بىرىنى بىر كۈن، ياكى بىر كېچە، ياكى شۇنچىلىك ۋاقىت يېپىپ يۈرگەن بولسا، قان ۋاجىب بولىدۇ.

ئەگەر يېپىلغان ۋاقىت بىر كۈن، ياكى بىر كېچە، ياكى شۇنچىلىك ۋاقىتقا يەتمىسە ياكى يېپىلغان ئورۇن باش ۋە يۈزنىڭ تۆتتىن بىرىگە يەتمىسە، سەدىقە ۋاجىب بولىدۇ.

س: ئەگەر مۇھرىم ئىككى قۇلىقى، ياكى گەدىنى، ياكى ساقىلىنى يېپىۋالغان بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟



ج: بۇنىڭغا جازا كەلمەيدۇ.

س: ئەگەر مۇھرىم بېشىنى داس، ياكى سېۋەت، ياكى شال دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن يېپىۋالغان بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟

ج: بۇنىڭغىمۇ جازا كەلمەيدۇ.

س: مۇھرىم بېشىنى كەئبىنىڭ يوپۇقى ئاستىغا كىرگۈزگەن بولسا، جازاسى نېمە؟

ج: بۇنىڭغىمۇ جازا كەلمەيدۇ. لېكىن، يوپۇقنى باش ۋە يۈزگە تەگكۈزۈش مەكرۇھ.

## بەدەن ياكى كىيىمگە خۇشپۇراق بۇيۇم ئىشلىتىشنىڭ بايانى

س: مۇھرىم ياكى مۇھرىمە بەدىنىگە خۇشپۇراق بۇيۇم ئىشلەتكەن بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟

ج: پۈتۈن بىر ئەزاغا ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق ئورۇنغا ئىشلەتكەن بولسا قان ۋاجىب بولىدۇ؛ ئۇنىڭغا يەتمىسە سەدىقە ۋاجىب بولىدۇ.

ئەزا دېگىنىمىزدىن باش، ئۇستۈنكى بىلەك (ئىككى)، تۆۋەنكى بىلەك (ئىككى)، قول (ئىككى)، يوتا (ئىككى)، پاچاق (ئىككى) دېگەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا، بۇرۇن، كۆز، قۇلاق، بارماق ... دېگەندەك ئۇششاق ئەزالاردا سەدىقە ۋاجىب بولىدۇ.

ئەمما، چاچقان ياكى سۈركىگەن ئورۇن پۈتۈن بىر ئەزادىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەتكەن خۇشپۇراقنىڭ مىقدارى كۆپ بولغان بولسا، يەنىلا قان ۋاجىب بولىدۇ.



**س: بەدەنىنىڭ ھەممە يېرىگە خۇشپۇراق بۇيۇم ئىشلەتكەن بولسا، جازا ئەزالارنىڭ سانىغا قاراپ كېلەمدۇ؟**

ج: خۇشپۇراق بۇيۇم ئىشلىتىش بىر ئورۇندا بولغان بولسا، بىرلا جازا كېلىدۇ. ئەمما، بىر قانچە ئورۇندا بولغان بولسا، ئورۇننىڭ سانىچە جازا كېلىدۇ، ئەزالار سانىچە ئەمەس.

**س: مۇھرىمە پۇت-قولىغا خىنە چاپقان بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: قان ۋاجىب بولىدۇ.

**س: خۇشپۇراق بۇيۇم ئىشلىتىشتىكى جازادىمۇ ئۇنىڭ بەدەنىدە مەلۇم ۋاقىت تۇرۇشى شەرتمۇ؟**

ج: ياق. شۇڭا، خۇشپۇراق ئىشلىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەينىدىنلا يۇيۇۋەتكەن بولسىمۇ يەنىلا جازا كېلىۋېرىدۇ.

**س: خۇشپۇراق ئارىلاشقان ماي ئىشلىتىشنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: بۇمۇ خۇشپۇراق ئىشلەتكەنگە ئوخشاشتۇر، شۇڭا جازاسىمۇ ئوخشاش.

## تىرناق ئېلىشنىڭ بايانى

**س: تىرناق ئېلىشنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: مۇھرىم ياكى مۇھرىمە بىر قولىنىڭ ياكى بىر پۇتىنىڭ تىرناقلىرىنى ياكى بۇنىڭدىن يۇقىرىسىنى بىر ئورۇندا ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا قان ۋاجىب بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئورۇندا بىر قولىنىڭ، يەنە بىر ئورۇندا يەنە بىر قولىنىڭ ياكى پۇتىنىڭ (ياكى



بىر ئورۇندا بىر پۇتىنىڭ، يەنە بىر ئورۇندا يەنە بىر پۇت ياكى قولىنىڭ) تىرناقلىرى ئېلىنغان بولسا، جازا ئورۇننىڭ سانىغا قاراپ كېلىدۇ.

**س: ئەگەر بىر ئەزادىن (يەنى بىر قول ياكى بىر پۇتتىن) ئالغان تىرناق بەش بارماققا يەتمىگەن بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: بۇنىڭدا ئېلىنغان ھەربىر بارماقنىڭ تىرنىقى ئۈچۈن بىر سەدىقە ۋاجىب بولىدۇ.

**س: بىر ئەزادىن ئېلىنغان تىرناق بەش بارماققا يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەرقايسى ئەزالاردىن ئېلىنغىنى بەش بارماققا يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: بۇنىڭدىمۇ ئىبلىنغان ھەربىر بارماقنىڭ تىرنىقى ئۈچۈن بىر سەدىقە ۋاجىب بولىدۇ.

## چاچ چۈشۈرۈشنىڭ بايانى

**س: مۇھرىم ياكى مۇھرىمە بەدەندىكى تۈكلەرنى يۇلسا ياكى چۈشۈرسە، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: چېچى ياكى ساقىلىنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەكىنى چۈشۈرگەن بولسا، قان ۋاجىب بولىدۇ؛ بۇنىڭغا يەتمىسە سەدىقە ۋاجىب بولىدۇ. قولتۇق ياكى دوۋساق تۈكىنى چۈشۈرگەن بولسىمۇ قان ۋاجىب بولىدۇ.



بۇنىڭدا يۇلۇشمۇ چۈشۈرۈشكە ئوخشاش ھۆكۈمدىدۇر.

## ئۆزرىلىكلەرنىڭ ئالاھىدە ھۆكمىنىڭ بايانى

**س: ئۆزرىلىكلەرنىڭ جازاسىدا بىرئاز يەڭگىللىكمۇ بارمۇ؟**

ج: بار، يەنى مۇھرىم ياكى مۇھرىمە قان ۋاجىب بولىدىغان جىنايەتلەرنىڭ بىرەرىنى بەزگەك كېسلى، قاتتىق سوغۇق، قاتتىق تومۇز، باش قېيىش، پىت بېسىپ كېتىش دېگەندەك ئۆزرىلەر سەۋەبلىك سادىر قىلغان بولسا، ئۇ قان قىلىش، ياكى ئالتە مىسكىنگە سەدىقە بېرىش، ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش دېگەندىن خالىغاننى تاللىسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر مۇھرىم سەدىقە جازاسى كېلىدىغان جىنايەتلەرنىڭ بىرىنى يۇقىرىقىدەك ئۆزرە سەۋەبلىك سادىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىش ياكى بىر كۈن روزا تۇتۇشتا ئىختىيارلىق بار.

بۇ ھۆكۈمدە باي ۋە كەمبەغەل ئوخشاشتۇر.

## جىنسىي ئالاقىنىڭ بايانى

**س: جىنسىي ئالاقە ۋە ئۇنىڭغا ئائىت جىنايەتلەرنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: مۇھرىم ياكى مۇھرىمە: 1) بىراۋنى شەھۋەت بىلەن سۆيگەن ياكى تۇتقان بولسا، مەنىي چىققان بولسۇن ياكى چىقمىغان



بولسۇن ئۇنىڭغا قان ۋاجىب بولىدۇ. 2) ئەرەپاتتا تۇرۇشتىن ئىلگىرى جىنسىي ئالاقە قىلىپ سالغان بولسا، ھەجى بۇزۇلىدۇ، شۇنداقلا قان ۋاجىب بولىدۇ. ئەمما، پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ. كېيىنكى يىلى بۇ ھەجنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. 3) ئەرەپاتتا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چاچ چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىشتىن ئىلگىرى جىنسىي ئالاقە قىلىپ سالسا، ئۇنىڭغا بىر دانە تۆگە قان قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، ئەمما ھەجى بۇزۇلمايدۇ. 4) چاچ چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، زىيارەت تاۋاپىدىن ئىلگىرى ياكى زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىن، چاچ چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى (بۇ چاچ چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىشتىن بۇرۇن زىيارەت تاۋاپى

قىلغان ئەھۋالدا شۇنداق بولىدۇ) جىنسىي ئالاقە قىلىپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا قان ۋاجىب بولىدۇ. 5) ئۆمرىدە تاۋاپىنىڭ تۆتىنچى ئايلىنىشىغىچە بولغان ۋاقىتتىن ئىلگەرى جىنسىي ئالاقە قىلىپ سالغان بولسا، ئۆمرىسى بۇزۇلىدۇ، قالغان پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ. ئەمما، بۇ ئۆمرىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ ھەم بۇ جىنايىتى ئۈچۈن قان ۋاجىب بولىدۇ؛ ئەگەر جىنسىي ئالاقە تۆتىنچى ئايلىنىشتىن كېيىن يۈز بەرگەن بولسا، ئۆمرە بۇزۇلمايدۇ، قازاسىنى قىلىشمۇ يوق، لېكىن قان ۋاجىب بولىدۇ.

**س: جىنسىي ئالاقىنى ئېسىدە يوق قىلغۇچى بىلەن قەستەن قىلغۇچىنىڭ ھۆكمىدە پەرق بارمۇ؟**

ج: پەرق يوق.



**س: ھەجى جىنسىي ئالاقە سەۋەبلىك بۇزۇلۇپ كەتكۈچى ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۈچۈن قايتا ھەجگە بارماقچى بولسا، ئۇ ئايالى (ياكى ئېرى)دىن ئايرىم مېڭىشى كېرەكمۇ؟**

ج: ياق.

## ھەج پائالىيىتى جەريانىدىكى جىنايەتلەرنىڭ بايانى

**س: ھەج پائالىيىتى جەريانىدىكى جىنايەتلەر قايسى؟**

ج: 1) تاھارەتسىز تاۋاپ قىلىش. 2) ۋاجىبنى تەرك ئېتىش. 3) تەرتىپكە رىئايە قىلماسلىق. 4) رۇكنى ياكى ۋاجىبنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىش.

## تاھارەتسىز ياكى جۇنۇب ھالەتتە تاۋاپ قىلىشنىڭ بايانى

**س: ھەج قىلغۇچى تاھارەتسىز ياكى جۇنۇب ھالەتتە تاۋاپ قىلغان بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: 1) ھەج قىلغۇچى قۇدۇم تاۋاپى ياكى ۋىدالىشىش تاۋاپىنى تاھارەتسىز قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ھەربىر ئايلىنىش ئۈچۈن بىر سەدىقە ۋاجىب بولىدۇ. نەپلە تاۋاپنىڭ ھۆكمىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. 2) ھەج قىلغۇچى قۇدۇم تاۋاپى ياكى ۋىدالىشىش تاۋاپىنى جۇنۇب، ياكى ھەيزدار، ياكى نىپاسدار ھالەتتە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا قان ۋاجىب بولىدۇ. 3) ھەج قىلغۇچى زىيارەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تاۋاپىنى تاھارەتسىز قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا قان ۋاجىب بولىدۇ. 4) ھەج قىلغۇچى زىيارەت تاۋاپىنى جۇنۇب، ياكى ھەيزدار، ياكى نىپاسدار ھالەتتە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر دانە تۆگە قان قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** ئەگەر تاھارەتسىز، ياكى جۇنۇب، ياكى ھەيزدار، ياكى نىپاسدار ھالەتتە تاۋاپ قىلىپ قويغاندىن كېيىن، پاكلىنىپ قايتا تاۋاپ قىلسا جازا ساقىت بولىدۇ.

## ھەج پائالىيەتلىرىدىكى ۋاجىبلارنى تەرك ئېتىشنىڭ بايانى

**س: ھەجنىڭ ۋاجىبلىرىنى تەرك ئېتىشنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: 1) سۈبھى سادىقتىن كېيىن مۇزدەلىفەدە تۇرۇشنى ئۆزرىسىز تەرك ئەتكەن كىشىگە قان ۋاجىب بولىدۇ. شۇڭا، كېسەل، ئاجىزلىق، ئاياللار قىستاڭچىلىقتىن ئەنسىرەش سەۋەبلىك تەرك ئەتسە جازا كەلمەيدۇ. 2) ھەج جەريانىدا سەفا-مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىشنى تەرك ئەتكەن كىشىگە قان ۋاجىب بولىدۇ. 3) شەيتانغا تاش ئېتىشنى پۈتۈنلەي تەرك ئەتكەن، ياكى نەھرى كۈنىدىكى جەمرە كۇبراغا تاش ئېتىشنى تەرك ئەتكەن، ياكى تاش ئېتىش ئىشىنىڭ كۆپرەك قىسمىنى تەرك ئەتكەن كىشىگىمۇ قان ۋاجىب بولىدۇ. بىر كۈندە تاش ئاتىدىغان ئۈچ ئورۇننىڭ بىرىنىڭ تېشىنى تەرك ئەتكەن كىشىگە سەدىقە ۋاجىب



بولىدۇ. 4) ئەرەپاتتىن كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى كەتكەن كىشىگە قان ۋاجىب بولىدۇ. لېكىن، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى قايتىپ كەلگەن بولسا جازا ساقىت بولىدۇ. 5) ۋىدالىشىش تاۋاپىنى ياكى ئۇنىڭ تۆت ئايلىنىشىنى تەرك ئەتكەن كىشىگە قان ۋاجىب بولىدۇ. ئۈچ ئايلىنىشىنى تەرك ئەتكەن كىشىگە سەدىقە ۋاجىب بولىدۇ. ئەمما، قايتىپ كېلىپ تاۋاپنى تولۇقلىۋەتسە جازا ساقىت بولىدۇ.

## تەرتىپكە رىئايە قىلماسلىقنىڭ بايانى

**س: ھەجدىكى ۋاجىبلارنىڭ تەرتىپكە رىئايە قىلماسلىقنىڭ جازاسى نېمە؟**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ج: 1) قىران ياكى تەمەتتۇئ ھەج قىلغۇچى جەمرە كۇبراغا تاش ئېتىشتىن ئىلگىرى قۇربانلىقنى زەبھى قىلىپ قويغان بولسا، ياكى قۇربانلىقنى زەبھى قىلىشتىن ئىلگىرى چاچ چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ قويغان بولسا، ئۇنىڭغا قان ۋاجىب بولىدۇ. 2) ئىفراد ھەج قىلغۇچى جەمرە كۇبراغا تاش ئېتىشتىن ئىلگىرى چاچ چۈشۈرگەن ياكى قىسقارتقان بولسا، ئۇنىڭغا قان ۋاجىب بولىدۇ.

## رۇكنى ۋە ۋاجىبلارنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىشنىڭ بايانى

س: قايسى كېچىكتۈرۈۋېتىش قان ۋاجىب قىلىدۇ؟



ج: 1) قىران ياكى تەمەتتۇئ ھەج قىلغۇچى قۇربانلىقنى زەبھى قىلىشنى زۇلھەججىنىڭ 12- كۈنىنىڭ كۈنى پاتقىچە كېچىكتۈرۈۋېتىشى. 2) ھەج قىلغۇچى چاچ چۈشۈرۈش ياكى قىرقىشنى زۇلھەججىنىڭ 12- كۈنىنىڭ كۈنى پاتقىچە كېچىكتۈرۈۋېتىشى.

**مۇھىم نۇقتا:** ھەج قىلغۇچى زىيارەت تاۋاپىنى پۈتۈن ياكى كۆپرەك قىسمىنى تۈگەتمىگۈچە ئۇنىڭغا ئايالى (ياكى ئېرى) ھالال بولمايدۇ.

## ئۆمرىدىكى جىنايەتلەرنىڭ بايانى

س: ئۆمرىدىكى جىنايەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىنى بايان قىلىڭ؟

ج: 1) ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچى مىقاتـ
ـتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتسە، قان ۋاجىب
بولىدۇ. 2) ئۆمرىنىڭ تاۋاپىنى تاھارەتسىز،
ياكى جۇنۇب، ياكى ھەيزدار، ياكى نىپاسـ
ـدار ھالەتتە قىلىپ قويغان بولسا، قان
ۋاجىب بولىدۇ. بۇنىڭدا ئايلىنىش قېتىم
سانىغا قارالمايدۇ، بىر قېتىملا ئايلانغان بولـ
ـسىمۇ جازا كېلىۋېرىدۇ. ئەمما، تاھارەت ئېـ
ـلىپ ياكى پاكلانغاندىن كېيىن قايتا تاۋاپ
قىلسا جازا ساقىت بولىدۇ. 3) ئۆمرە قىلـ
ـغۇچى سەئىيدىن بۇرۇن چاچ چۈشۈرگەن
ياكى قىسقارتقان بولسا، قان ۋاجىب بولـ
ـدۇ. 4) ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچى چاچ چۈـ
شۈرۈش ياكى قىسقارتىشنى ھەرەم سىرتىدا
قىلغان بولسا، قان ۋاجىب بولىدۇ.



**مۇھىم نۇقتا:** ئەگەر ئۆمرە قىلغۇچى
ئېھرام ئېچىدىكى ۋاقتىدا ھەج قىلغۇچى ئېھـ
ـرام ئېچىدە چەكلىنىدىغان ئىشلاردىن بىـ
ـرەرىنى سادىر قىلىپ قويسا، ئۇنىڭغا ھەج
قىلغۇچىغا كېلىدىغان جازاغا ئوخشاش جازا
كېلىدۇ.

## ئېھرام ئېچىدە ئوۋ ئوۋلاشنىڭ بايانى

**س: مۇھرىم ياكى مۇھرىمە بىرەر ئوۋ
ھايۋىنىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، بۇنىڭ جازاسى
نېمە؟**

ج: مۇھرىم ياكى مۇھرىمە بىر ئوۋ ھايـ
ـۋىنىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، ياكى ئۇنىڭغا باشـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لاپ قويسا، ياكى ئىشارەت قىلىپ قويسا، ئادىل ئىككى مۇسۇلماننىڭ باھالىشى بىلەن شۇ ئوۋ ھايۋىنىنىڭ قىممىتى (يەنى پۇلى) بېكىتىلىپ، ئاندىن شۇ قىممەتكە قۇربانلىق سېتىۋېلىپ ھەرەمدە زەبھى قىلىش ياكى يېمەكلىك سېتىۋېلىپ كەمبەغەللەرگە تەقسىملەپ بېرىش جازاسى كېلىدۇ.

**س: مۇھرىم ياكى مۇھرىمە پىت ياكى چىكەتكىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: ئۆزى خالىغان مىقداردا سەدىقە بېرىشتۇر.

**س: مۇھرىم ياكى مۇھرىمە گۆشى يېيىلمەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**



ج: ئۇنىڭ قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ بىر قويدىن ئاشمايدۇ. يەنى، بەك ئېغىر بولغاندا بىر قوي زەبھى قىلىش جازاسى كېلىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭدىن تۆۋەن.

**س: يىرتقۇچ ھايۋان مۇھرىمغا خىرىس قىلسا، ئاندىن ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، بۇنىڭ جازاسى نېمە؟**

ج: بۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ.

**س: مۇھرىم ياكى مۇھرىمەنىڭ ئۆلتۈرۈشى جائىز بولىدىغان ھايۋان ۋە قۇشلارمۇ بارمۇ؟**

ج: بار، يەنى قاغا، سار، بۆرە، يىلان، چايان، ئادەم چىشلەيدىغان ئىت، چاشقان، پاشا، بۈرگە، كانا، سالجا، تاشپاقا قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈش چەكلەنمەيدۇ.

**س: مۇھرىم ياكى مۇھرىمە ئۇۋلانمايدىغان ئۆي ھايۋانلىرىنى زەبھى قىلسىمۇ جازا كېلەمدۇ؟**

ج: قوي، كالا، توخۇ، ئۆردەك ... دېگەندەك ئۆي ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يېسە ياكى باشقىلارغا زەبھى قىلىپ بەرسە، بۇ جىنايەت ھېسابلانمايدۇ.

**س: ئېھرام ئىچىدە بولمىغان كىشى ئوۋلىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى مۇھرىم ياكى مۇھرىمەنىڭ يېيىشى دۇرۇسمۇ؟**

ج: ئۇ باشلاپ قويمىغان ياكى ئىشارەت قىلىپ قويمىغانلا بولسا دۇرۇستۇر.

**س: بىر ئوۋ ھايۋىنىنى ئىككى مۇھرىم ياكى مۇھرىمە بىرلىكتە ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ جازاسى نېمە؟**



ج: ئىككىلىسىگە ئايرىم-ئايرىمدىن پۈتۈن جازا كېلىدۇ.

## قىران ھەج قىلغۇچى چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ بايانى

**س: قىران ھەج قىلغۇچى ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ بىرەرىنى سادىر قىلىپ قويسا، بۇنىڭغا ئالاھىدە جازا بارمۇ؟**

ج: ھەئە، قىران ھەج قىلغۇچى مۇھرىم ھالىتىدە چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەرىنى سادىر قىلىپ قويسا، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە جازا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىرى ھەج ئۈچۈن، يەنە بىرى ئۆمرە ئۈچۈندۇر. ئەمما، مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



نىيەتنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن بىرلا جازا كېلىدۇ.

## مىقاتتىن ئىھرامسىز ئۆتۈشنىڭ بايانى

**س: مەككىگە كىرمەكچى بولغان كىشى مىقاتتىن ئىھرامسىز ئۆتكەن بولسا، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: مىقاتنىڭ سىرتىدىن كەلگەن مۇكەللەپ مۇسۇلمان تىجارەت، ساياھەت ... دېگەندەك (ئۆمرە ياكى ھەج ئۈچۈن بولمىغان) بىرەر ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرەمگە ياكى مەككىگە كىرمەكچى بولسىمۇ مىقاتتىن ئىھرامسىز ئۆتۈشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئىھرامسىز ئۆتۈپ قالسا گۇناھكار بولىدۇ ۋە قان ۋاجىب بولىدۇ.



**س: بۇ گۇناھ ۋە جازانىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن بىرەر چارە بارمۇ؟**

ج: كەينىگە قايتىپ مىقاتتا ئىھرام باغلاپ كەلسە، گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ ۋە جازا ساقىت بولىدۇ. بۇنىڭدا كەلگەن يولىدىكى مىقاتقا قايتىشى ئەۋزەلدۇر، ئۇنىڭغا قايتىمىسا يېقىنراق بولغان باشقا مىقاتقا قايتىشقىمۇ بولىدۇ.

**س: مىقاتقا قايتماستىن ھەرەمنىڭ سىرتىدىلا ئىھرام باغلىغان بولسا، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: گۇناھى بىلەن قان جازاسى ئەپۇ قىلىنمايدۇ. شۇڭا، گۇناھىغا ئىستىغپار ئېيتىدۇ ۋە قان ۋاجىب بولىدۇ.

**س: بىراۋ مىقاتتىن ئىھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، كەينىگە قايتاي دېسە ھەج**

**پائالىيىتىگە ئۆلگۈرەلمىسە، بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىدۇ؟**

ج: مىقاتقا قايتمايدۇ، لېكىن مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتكەنلىك جىنايىتى ئۈچۈن قان ۋاجىب بولىدۇ، شۇنداقلا گۇناھىغا ئىستىغپار ئېيتىدۇ.

**س: بىراۋ قۇرۇقلۇق ياكى ھاۋا يولى ئارقىلىق مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتكەن بولسا، لېكىن مەقسىتى ھەرەمدىن باشقا يەرگە (مەسىلەن، جىددىگە) سەپەر قىلىش بولسا، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: بۇنىڭ بىلەن گۇناھكار بولمايدۇ ۋە ئۇ كىشىگە بىرەر جازا كەلمەيدۇ.

**س: ھەرەمگە كىرىش نىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا مىقاتنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا**



**(مەسىلەن، جىددىگە) ئېھرامسىز كەلگەن، لېكىن ئۇ يەرگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمگە ياكى مەككىگە كىرىش ئىرادىسى تۇغۇلغان ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەك؟**

ج: ئۆمرە ياكى ھەج ئۈچۈن بولمىسىلا ھەرەمگە ياكى مەككىگە ئېھرامسىز كىرىشكە بولىدۇ. ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن كىرمەكچى بولغاندا، شۇ يەردىلا (يەنى جىددىدىلا) ئېھرام باغلاپ كىرسە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرەر جىنايەت يۈز بەرمەيدۇ.

**س: مىقات ۋە ئۇنىڭ ئىچكىرى رايونىدىكىلەرنىڭ ھەرەم ياكى مەككىگە ئېھرامسىز كىرىشى دۇرۇسمۇ؟**

ج: ھەج ياكى ئۆمرىگە نىيەت قىلمىغانلا بولسا، ئېھرامسىز كىرىشى دۇرۇس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**س: ھەرەم دائىرىسىدىكىلەرنىڭ ئۆمرە ئۈچۈن ئۆز ئۆيىدە ئىھرامغا كىرىشى دۇرۇسمۇ؟**

ج: دۇرۇس ئەمەس، بەلكى ئۇلار ھەرەمنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئىھرامغا كىرىشى كېرەك. ئەگەر ئۆز ئۆيىدىلا ئىھرامغا كىرىپ ئۆمرە قىلىۋەرسە، بۇ گۇناھىغا ئىستىغپار ئېيتىدۇ ھەمدە قان ۋاجىب بولىدۇ.

ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەجدە ئۆز ئۆيىدە ئىھرامغا كىرىشكە بولىدۇ.

## ھەرەم جىنايەتلىرىنىڭ بايانى

**س: ھەرەم جىنايەتلىرى قايسى؟**

ج: 1) ھەرەمنىڭ ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈش. 2) ھەرەمنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىش ۋە ئوت-چۆپلىرىنى يۇلۇش.



بۇ جىنايەت ئىھرام سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى ھەرەمنىڭ ھۆرمىتى سەۋەبىدىندۇر. شۇڭا، بىراۋ ئىھرام ئىچىدە بولسۇن ياكى ئىھرامسىز بولسۇن ھەرەمنىڭ ئوۋ ھايۋانلىرىدىن بىرنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇنىڭ قىممىتى باراۋىرىدە كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىش ۋاجىب بولىدۇ، روزا تۇتۇش كۇپايە قىلمايدۇ.

ھەرەمنىڭ دەرەخلىرىنى كەسكۈچى ۋە ئوت-چۆپلىرىنى يۇلغۇچىغىمۇ ئوخشاشلا شۇنىڭ قىممىتى باراۋىرىدە كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىش جازاسى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر بۇ دەرەخ ياكى ئوت-چۆپلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىسى بولسا، جازا ئىككى ھەسسىلىنىدۇ. بىر ھەسسىسى بىلەن ئىگىسىگە

تۆلەم تۆلىنىدۇ، بىر ھەسسىسى شەرىئەتنىڭ ھەققىدۇر.

## قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ بايانى

**س: بىراۋ ھەج ئۈچۈن ئىھرامغا كىرىپ ئەرەپاتتا يېتىپ بولغۇچە نەھرى كۈنى تاڭ ئېتىپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: ئۇنىڭ بۇ يىلقى ھەجى قولدىن كەتكەن بولىدۇ. ئۇ ئۆمرە پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىھرامدىن چىقسا بولىدۇ. ئەمما، ئۇ كىشىنىڭ كېيىنكى يىلى بۇ يىلقى ھەجنىڭ قازاسىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ مەيلى پەرز ھەج بولسۇن، مەيلى نەپلە ھەج بولسۇن.



**س: بۇنىڭ ئۈچۈن قان ۋاجىبمۇ؟**

ج: ياق.

**س: ئۆمرە قولدىن كېتىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟**

ج: ياق. چۈنكى، ئۇنىڭغا ۋاقىت شەرت ئەمەس. يىلنىڭ خالىغان ۋاقتىدا ئۆمرە قىلىشقا بولىدۇ.

## قۇربانلىقنى زەبھى قىلىشنىڭ بايانى

**س: ھەجدە قانداق ئەھۋالدا قۇربانلىق قىلىنىدۇ؟**

ج: تۇسۇلۇپ قالغۇچى ئىھرامدىن چىقىش ئۈچۈن، قىران ياكى تەمەتتۇئ ھەج قىلغۇچى ئىككى پائالىيەتنى بىرلىكتە ئورۇندىغانـ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



لىقنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ۋە ھەج ۋە ئۆمرە جەريانىدا ئۆتۈلگەن خاتالىقلار ۋە تەرك بولۇپ كەتكەن ۋاجىبلارنىڭ كەپپارىتى ئۈچۈن مال زەبھى قىلىنىپ قۇربانلىق قىلىنىدۇ.

**س: قۇربانلىق ۋە زەبھىگە قايسى ھايۋان يارايدۇ؟**

ج: تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە. بۇلاردىن باشقا ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ئەركەك-چىشىسى باراۋەر. بۇلاردا تۆگىنىڭ بەش ياشلىق بولۇشى، كالىنىڭ ئىككى ياشلىق بولۇشى، قوي ئالتە ئايلىقتىن يۇقىرى، ئۆچكە بىر ياشلىق بولۇشى ھەمدە ئەزالىرىدا بىرەر ئەيىب بولماسلىقى شەرت.



**س: زەبھىنى خالىغان يەردە قىلىشقا بولامدۇ؟**

ج: ياق، بەلكى ھەرەم دائىرىسىدە قىلىش كېرەك.

**س: شېرىكلىشىپ زەبھى قىلىشقىمۇ بولامدۇ؟**

ج: كالا ۋە تۆگىنى شېرىكلىشىپ زەبھى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. يەنى، كۆپ بولغاندا يەتتە ئادەم. ئەمما، قوي ۋە ئۆچكە بىرلا ئادەمگە كۇپايە قىلىدۇ.

ئەمما، شېرىكلەشكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يولىدا زەبھى قىلىشنى نىيەت قىلغان بولۇشى كېرەك، بىرەرى گۆش نىيىتى بىلەن شېرىك بولغان بولسا، قالغانلارنىڭ ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

**س: بۇ زەبھلەرنىڭ گۆشىدىن ئۆزى يېيىشكە بولامدۇ؟**

ج: تەمەتتۇئ ياكى قىران ھەج قىلغۇچى-لارنىڭ قۇربانلىقى ۋە نەپلە قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن ئۆزى يېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، توسۇلۇپ قېلىش ۋە جىنايەت سەۋەبلىك قىلىنغان زەبھلەرنىڭ گۆشىدىن ئۆزى يې-يىشكە بولمايدۇ. ئۇنى مەككىنىڭ پېقىر-مىسكىنلىرىگە بېرىش كېرەك.

**س: زەبھنى ئۆز قولى بىلەن قىلىش شەرتمۇ؟**

ج: ياق، باشقىلار ۋەكالەتەن قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، قاسساپنىڭ ئىش ھەققىنى گۆشتىن بېرىشكە بولمايدۇ.



# ھەجگە مۇناسىۋەتلىك دۇئالار

**1. ئۆيدىن ئايرىلىدىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا:** 1) اَللّٰهُمَّ بِكَ انْتَشَرْتُ وَإِلَيْكَ تَوَجَّهْتُ وَبِكَ اعْتَصَمْتُ وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ، اَللّٰهُمَّ أَنْتَ ثِقَتِيْ وَأَنْتَ رَجَائِيْ، اَللّٰهُمَّ اكْفِنِيْ مَا أَهَمَّنِيْ وَمَا لَا أَهْتَمُّ بِهِ وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّيْ، عَزَّ جَارُكَ وَلَا إِلٰهَ غَيْرُكَ، اَللّٰهُمَّ زَوِّدْنِي التَّقْوَى وَاغْفِرْ لِيْ ذُنُوْبِي وَوَجِّهْنِي إِلَى الْخَيْرِ أَيْنَمَا تَوَجَّهْتُ، اَللّٰهُمَّ إِنِّيْ أَعُوْذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السَّفَرِ وَكَآبَةِ الْمُنْقَلَبِ وَالْحَوْرِ بَعْدَ الْكَوْرِ وَسُوْءِ الْمَنْظَرِ فِيْ الْأَهْلِ وَالْمَالِ وَالْوَلَدِ (ئى ئاللاھ! سېنىڭ ياردى-مىڭ بىلەنلا يولغا چىقتىم، ساڭىلا يۆلەن-

دىم، ساڭىلا ئېسىلدىم ۋە ساڭىلا تەۋەككۇل قىلدىم. ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ ئىشەنچىم ۋە ئۈمىدىم. ئى ئاللاھ! مېنى پەرىشان قىلىغان ۋە مەن پەرىشان بولمىغان، لېكىن ئۇنىڭ (زىيىنىنى) سەن مەندىن ياخشى بىلىدىغان ئىشلاردا ماڭا كۇپايە قىلغىن، سېنىڭ ھەمراھىڭ غالىبتۇر ۋە سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئى ئاللاھ! ماڭا تەقۋالىقنى ئوزۇق قىلىپ بەرگىن، گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن ۋە مەن قەيەرگە يۈزلىنەي مېنى ياخشى ئىشلارغا يۈزلەندۈرگىن. ئى ئاللاھ! مەن سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن، يامان ئاقىۋەتتىن، دەسلەپتە پايدا ئېلىپ كېيىن زى-



يان تارتىپ قېلىشتىن، ئائىلەمدە، مال-دۇنيارىمدا ۋە بالا-چاقىلىرىمدا يامان ئەھۋال كۆرۈلۈشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن).

2) بِسْمِ اللهِ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ، تَوَكَّلْتُ عَلَى اللهِ، اَللّٰهُمَّ وَفِّقْنِيْ لِمَا تُحِبُّ وَتَرْضَى وَاحْفَظْنِيْ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ (ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن يولغا چىقتىم، ھەرىكەت ۋە قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەندۇر، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم. ئى ئاللاھ! ماڭا سەن ئۆزەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى مۇۋەپپەق قىلىپ بەرگىن ۋە مېنى قوغلاندى شەيتاندىن ساقلىغىن).

**2. قاتنــــاش قورالىغــــا ئولتۇرغانـــــدا ئوقۇيدىغان دۇئا:** بِسْمِ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ الَّذِيْ هَدَانَا لِلْإِسْلامِ وَعَلَّمَنَا الْقُرْآنَ وَمَنَّ عَلَيْنَا بِمُحَمَّدٍ ﷺ، اَلْحَمْدُ لِلهِ الَّذِيْ جَعَلَنِيْ فِيْ خَيْرِ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ، سُبْحَانَ الَّذِيْ سَخَّرَ لَنَا هٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِيْنَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُوْنَ وَالْحَمْدُ لِلهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ (ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتلاندىم، بىزنى ئىسلامغا باشلىغان، بىزگە قۇرئاننى بىلدۈرگەن ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش بىلەن بىزگە ئېھسان قىلغان ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! مېنى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ



ياخشى ئۈممەتنىڭ ئىچىدە قىلغان ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتىقۇچىلارمىز، جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر).

**3. ئېھرامغا كىرىدىغانــدا ئوقۇيدىغان دۇئا:** 1) ئىفراد ھەج قىلغۇچى ئوقۇيدىغىنى: اَللّٰهُمَّ إِنِّيْ أُرِيْدُ الْحَجَّ فَيَسِّرْهُ لِيْ وَتَقَبَّلْهُ مِنِّيْ (ئى ئاللاھ! مەن ھەجگە نىيەت باغلىدىم، ماڭا ئۇنى ئاسان قىلىپ بەرگىن ۋە ئۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن).

2) قىران ھەج قىلغۇچى ئوقۇيدىغىنى: اَللّٰهُمَّ إِنِّىْ أُرِيْدُ الْعُمْرَةَ وَالْحَجَّ فَيَسِّرْهُمَا لِىْ وَتَقَبَّلْهُمَا مِنِّىْ (ئى ئاللاھ! مەن ئۆمرە ۋە ھەجگە نىيەت باغلىدىم، ماڭا ئۇ ئىككىسىنى ئاسان قىلىپ بەرگىن ۋە ئۇ ئىككىسىنى مەندىن قوبۇل قىلغىن).

3) ئۆمرە ھەج قىلغۇچى ئوقۇيدىغىنى: اَللّٰهُمَّ إِنِّىْ أُرِيْدُ الْعُمْرَةَ فَيَسِّرْهَا لِىْ وَتَقَبَّلْهَا مِنِّىْ (ئى ئاللاھ! مەن ئۆمرىگە نىيەت باغلىدىم، ماڭا ئۇنى ئاسان قىلىپ بەرگىن ۋە ئۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن).

**4. تەلبىيە:** لَبَّيْكَ اللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لَا شَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ، إِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ،



لَا شَرِيْكَ لَكَ (ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم ئى ئاللاھ! ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم، ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر، ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولدۇم، ھەمدۇسانا، نېئمەت ۋە پادىشاھلىق ساڭا خاستۇر، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر).

**5. ھەرەمگە كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا:** اَللّٰهُمَّ إِنَّ هٰذَا حَرَمُكَ وَأَمْنُكَ، فَحَرِّمْنِىْ عَلَى النَّارِ، وَآمِنِّىْ عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ، وَاجْعَلْنِىْ مِنْ أَوْلِيَائِكَ وَأَهْلِ طَاعَتِكَ (ئى ئاللاھ! بۇ سېنىڭ ھەرىمىڭ ۋە سەن ئەمىن قىلغان جاي. بەندىلىرىڭنى تىرىلدۈرىدىغان كۈنى مېنى دوزاخ ئوتىدىن خالاس قىلغىن، ئازابىڭ-

ـدىن ئەمىن قىلغىن، مېنى دوستلىرىڭدىن ۋە ساڭا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن قىلغىن).

**6. مەككىگە كىرگەنـدە ئوقۇيـدىغان دۇئـا:** اَللّٰهُمَّ إِنَّ هٰذَا الْبَلَدَ بَلَدُكَ، وَالْبَيْتَ بَيْتُكَ، جِئْتُ أَطْلُبُ رَحْمَتَكَ وَأَؤُمُّ طَاعَتَكَ مُتَّبِعًا لِأَمْرِكَ رَاضِيًا بِقَدْرِكَ، أَسْئَلُكَ مَسْأَلَةَ الْمُضْطَرِّ إِلَيْكَ الْمُشْفِقِ مِنْ عَذَابِكَ أَنْ تَسْتَقْبِلَنِيْ بِعَفْوِكَ، وَأَنْ تَتَجَاوَزَ عَنِّيْ بِرَحْمَتِكَ، وَأَنْ تُدْخِلَنِيْ جَنَّتَكَ، أَسْئَلُكَ بِأَنَّكَ أَنْتَ اللّٰهُ لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ الرَّحْمٰنُ الرَّحِيْمُ، أَنْ تَسْتَجِيْبَ لَنَا دَعْوَتَنَا وَأَنْ تُعْطِيَنَا رَغْبَتَنَا وَأَنْ تُغْنِيَنَا عَمَّنْ أَغْنَيْتَهُ عَنَّا مِنْ خَلْقِكَ وَأَنْ تُصَلِّيَ وَتُسَلِّمَ عَلَى سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ ﷺ تَسْلِيْمًا كَثِيْرًا (ئى ئاللاھ! بۇ شەھەر سېنىڭ شەھىرىڭ! بۇ ئۆي سېنىڭ



ئۆيۈڭ! مەن رەھمىتىڭنى تەلەپ قىلغان، تائىتىڭگە يۈزلەنگەن، ئەمرىڭگە ئىنچىل ئەگەشكەن، قىسمىتىڭگە ئىنچىل رازى بولـغان ھالدا كەلدىم. ساڭا موھتاج بولغان ۋە ئازابىڭدىن قورققان ھالدا سەندىن مېنى ئەپۇيۇڭ بىلەن قارشى ئېلىشىڭنى، رەھمىـتىڭ بىلەن گۇناھىمدىن ئۆتۈپ كېتىشىڭـنى، مېنى جەننىتىڭگە كىرگۈزۈشۈڭنى تىلـەيمەن. سەن سەندىن باشقا ئىلاھ يوق بولغان ئاللاھسەن ۋە ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبانسەنكى، سەندىن دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلىشىڭنى، ئارزۇ قىلغانلىرىمىزنى ئاتا قىلىشىڭنى، بەندىلىرىڭ ئىچىدىكى ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىزدىن بىھاجەت قىلغان كىشىلەردىن بىزنىمۇ بىھاجەت قىلىشىڭنى، خوجىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت قىلىشىڭنى ۋە سالامەتلىك بې-غىشلىشىڭنى تىلەيمەن.

**7. ھەرەم مەسجىدىگە كەلگەندە ئوقۇي-دىغان دۇئا:** 1) بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ اَلْحَمْدُ للهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ وَالصَّلٰوةُ وَالسَّلامُ عَلَى رَسُوْلِ اللهِ، اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ ذُنُوْبِيْ وَافْتَحْ لِيْ أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ-نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاس-تۇر، ياخشى تىلەك ۋە سالاملىرىمىز ئاللاھ-



-نىڭ ئەلچىسىگە بولسۇن، ئى ئاللاھ! جىمى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىن).

بۇ ھەرقانداق بىر مەسجىدكە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئادۇر. شۇنداقلا، مەسجىدكە ئوڭ پۇت بىلەن كىرىمىز.

2) أَعُوْذُ بِاللهِ الْعَظِيْمِ وَبِوَجْهِهِ الْكَرِيْمِ وَسُلْطَانِهِ الْقَدِيْمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ، بِسْمِ اللهِ، وَالصَّلٰوةُ وَالسَّلامُ عَلَى رَسُوْلِ اللهِ، اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ جَمِيْعَ ذُنُوْبِيْ وَافْتَحْ لِيْ أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ، اَللّٰهُمَّ أَنْتَ السَّلامُ وَمِنْكَ السَّلامُ وَإِلَيْكَ يَرْجِعُ السَّلامُ حَيِّنَا رَبَّنَا بِالسَّلامِ وَأَدْخِلْنَا دَارَ السَّلامِ تَبَارَكْتَ رَبَّنَا وَتَعَالَيْتَ يَا ذَا الْجَلالِ وَالْإِكْرَامِ (ئۇلۇغ

ئاللاھقا، ئۇنىڭ كەرەملىك زاتىغا ۋە ئەزەلىي پادىشاھلىقىغا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھلىق تىلەيمەن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ياخشى تىلەك ۋە سالاملىرىمىز ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بولسۇن. ئى ئاللاھ! جىمىي گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكىنى ئاچ-قىن. ئى ئاللاھ! سەن ئامانلىق بېغىشلى-غۇچىدۇرسەن ۋە ئامانلىق سەن تەرەپتىنلا بولىدۇ، سالامەتلىك سەن تەرەپكە قايتى-دۇ، پەرۋەردىگارىمىز بىزنى تىنچ ياشات-قىن، ئامانلىق يۇرتى بولغان جەننىتىڭگە كىرگۈزگىن، ئى ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەت ئى-



گىسى بولغان ئاللاھ! بەرىكەتىڭ بۈيۈكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر).

**8. خانە كەئبىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان تەھلىل:** اَللّٰهُ أَكْبَرُ، اَللّٰهُ أَكْبَرُ، لَآ إِلٰـهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ، اَللّٰهُ أَكْبَرُ، وَلِلّٰهِ الْحَمْدُ (ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەم-مىدىن ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ-دۇر، ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر).

**9. خانە كەئبىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا:** اَللّٰهُمَّ أَنْتَ السَّلَامُ وَمِنْكَ السَّلَامُ فَحَيِّنَا رَبَّنَا بِالسَّلَامِ، اَللّٰهُمَّ زِدْ هَـٰذَا الْبَيْتَ تَشْرِيفًا وَتَعْظِيمًا وَتَكْرِيمًا وَمَهَابَةً وَزِدْ مَنْ حَجَّهُ أَوِ اعْتَمَرَهُ تَكْرِيمًا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



وَتَشْرِيْفًا وَتَعْظِيْمًا وَبِرًّا (ئى ئاللاھ! سەن ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇرسەن ۋە ئامانلىق سەن تەرەپتىنلا بولىدۇ، پەرۋەردىگارىمىز بىزنى تىنچ ياشاتقىن. ئى ئاللاھ! بۇ ئۆيۈڭنى تېخىمۇ شەرەپلىك، تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ ئىززەتلىك ۋە تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىلغىن، بۇ جايدا ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ ئىززىتى، شەرىپى، ھۆرمىتى ۋە ياخشىلىقىنى زىيادە قىلغىن).

**10. تاۋاپتا ئوقۇيدىغان دۇئا:** رَبِّ قَنِّعْنِيْ بِمَا رَزَقْتَنِيْ وَبَارِكْ لِيْ فِيْهِ وَاخْلُفْ عَلَيَّ كُلَّ غَائِبَةٍ لِيْ بِخَيْرٍ (پەرۋەردىگارىم! بەرگەن رىزقىڭ بىلەن ماڭا قانائەت بەرگىن، ئۇنىڭدا ماڭا



بەرىكەت بەرگىن، قولۇمدىن كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ياخشىلىقىڭ بىلەن تولدۇرۇپ بەرگىن).

**11. رۇكنى يەمانىينى سىلىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا:** ﴿رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي ٱلْأَخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ﴾ (پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن).

**12. سەفادا ئوقۇيدىغان دۇئا:** ئالدى بىلەن ﴿إِنَّ ٱلصَّفَا وَٱلْمَرْوَةَ مِن شَعَآئِرِ ٱللَّهِ﴾ «سەفا بىلەن مەرۋە ھەققەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر» دېگەن ئايەتنى

تىلاۋەت قىلىمىز، ئاندىن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيمىز: لَآ إِلٰـهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ صَدَقَ اللّٰهُ وَعْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الْأَحْزَابَ وَحْدَهُ (يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمىي ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر شەيئىگە قادىردۇر، ئۇ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم بەردى، ئىتتىپاقداش دۈشمەنلەرنى يالغۇز مەغلۇب قىلدى).

**13. ئىككى يېشىل چىراغ ئارىلىقىدا يۈگۈرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا:** رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَأَنْتَ الْأَعَزُّ الْأَكْرَمُ وَتَجَاوَزْ عَمَّا تَعْلَمْ



(پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ بەكمۇ ئىززەتلىكسەن، بەكمۇ كەرەملىكسەن، سەن بىلىدىغان گۇناھلاردىن ئۆتۈپ كەتكىن).

**14. مەككىدىن مىناغا ماڭغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا:** اَللّٰهُمَّ إِيَّاكَ أَرْجُوْ وَإِيَّاكَ أَدْعُوْ وَإِلَيْكَ أُنِيْبُ فَبَلِّغْنِيْ صَالِحَ عَمَلِيْ وَأَصْلِحْ لِيْ فِيْ ذُرِّيَّتِيْ (ئى ئاللاھ! سەندىن ئۈمىد قىلىمەن، ساڭا دۇئا قىلىمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن، ياخشى ئارزۇيۇمغا يەتكۈزگىن ۋە مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن).

**15. مىنا تېغىغا چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا:** اَللّٰهُمَّ هٰذِهِ مِنًى هٰذَا مَا دَلَّلْتَنَا عَلَيْهِ مِنَ

الْمَنَاسِكِ، أَسْئَلُكَ أَنْ تَمُنَّ عَلَيْنَا بِجَوَامِعِ الْخَيْرِ وَصَلَّى اللّٰهُ عَلَى سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَسَلَّمَ (ئى ئاللاھ! بۇ مىنا تېغىدۇر، بۇ سەن بىزگە ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشىمىزغا كۆرسە- تىپ بەرگەن يەردۇر، مەن سەندىن بىزگە بارلىق ياخشىلىق بىلەن ئېھسان قىلىشىڭ- نى تىلەيمەن، ئاللاھ تەئالا خوجىمىز مۇھەم- مەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تا- ۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇلارنى سالامەت قىلسۇن).

**16. ئەرەپاتتا ئوقۇيدىغان دۇئا:** 1) اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْئَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَئَلَكَ مِنْهُ نَبِيُّكَ مُحَمَّدٌ ﷺ، وَأَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا اسْتَعَاذَكَ مِنْهُ مُحَمَّدٌ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ﷺ، رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ، رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ، وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ، رَبِّ ٱجْعَلْنِى مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِى رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَآءِ، رَبَّنَا ٱغْفِرْ لِى وَلِوَٰلِدَىَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ ٱلْحِسَابُ، رَبِّ اغْفِرْ لِيْ وَلِوَالِدَيَّ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِ صَغِيْرًا، رَبَّنَا ٱغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَٰنِنَا ٱلَّذِينَ سَبَقُونَا بِٱلْإِيمَٰنِ وَلَا تَجْعَلْ فِى قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ رَبَّنَآ إِنَّكَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ، اَللّٰهُ أَكْبَرُ وَلِلّٰهِ الْحَمْدُ (ئۈچ قېتىم)، لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ، اَللّٰهُمَّ اهْدِنِي بِالْهُدَى وَاعْصِمْنِيْ بِالتَّقْوَى

وَاغْفِرْ لِيْ فِي الْآخِرَةِ وَالْأُوْلَى (ئۈچ قېتىم)، اَللّٰهُمَّ
اجْعَلْهُ حَجًّا مَبْرُوْرًا وَذَنْبًا مَغْفُوْرًا (ئى ئاللاھ! سەنـ
ـدىن پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسەللەم سەندىن سورىغان ياخشى
نەرسىلەرنى سورايمەن، سەندىن پەيغەمبىـ
ـرىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەلـ
ـلەم ساڭا سېغىنىپ پاناھلىق تىلىگەن يامانـ
ـلىقلاردىن پاناھلىق تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىـ
ـمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق،
ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە
رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىـ
ـلاردىن بولىمىز. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن (ئىـ
ـبادەتلىرىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىـ



ـقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن،
(نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. تەۋبىـ
ـمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى
ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھـ
ـرىبانسەن. مېنى ۋە ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا
قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى
قوبۇل قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىـ
ـدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا،
ئاتا-ئانامغا ۋە مۆئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلـ
ـغىن. ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكـ
ـلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەغپىرەت
قىلغىن ۋە مەرھەمەت قىلغىن. پەرۋەردىگارىـ
ـمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىلـ
لىرىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا
قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى
مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن. ئاللاھ
ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا
خاستۇر، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، جىمى
ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممىـ
دىن ئۇلۇغدۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا
خاستۇر. يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقـ
تۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە
جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر
شەيئىگە قادىردۇر. ئى ئاللاھ! مېنى توغرا يولغا
باشلىغىن، مېنى تەقۋالىق بىلەن ساقلىغىن،



دۇنيا-ئاخىرەتتە ماڭا مەغپىرەت قىلغىن. ئى
ئاللاھ! (ھەجىمىزنى) مەقبۇل ھەجلەردىن ۋە
بىزنى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغانلاردىن
قىلغىن). بۇ دۇئانى ئارىلىقتا بىرئاز ۋاقىت ئۆتـ
كۈزۈپ تەكرار-تەكرار ئوقۇيمىز.

2) اَللّٰهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ كَالَّذِىْ نَقُوْلُ وَخَيْرًا مِمَّا
نَقُوْلُ، اَللّٰهُمَّ لَكَ صَلاتِىْ وَنُسُكِىْ وَمَحْيَاىَ وَمَمَاتِىْ
وَإِلَيْكَ مَآبِىْ وَلَكَ رَبِّ تُرَاثِى، اَللّٰهُمَّ إِنِّىْ أَعُوْذُ بِكَ
مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَوَسْوَسَةِ الصَّدْرِ وَشَتَاتِ الْأَمْرِ،
اَللّٰهُمَّ إِنِّىْ أَسْئَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا تَجِىءُ بِهِ الرِّيْحُ،
وَأَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا تَجِىءُ بِهِ الرِّيْحُ (ئى ئاللاھ!
ساڭا بىز ئېيتقاندەك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىـ
راق ھەمدۇسانالار بولسۇن! ئى ئاللاھ! مېـ

نىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم سەن ئۈچۈندۇر. قايتىدىغان يېرىم سېنىڭ تەرىپىڭدۇر، ھەممىنى ساڭا قالدۇرىمىز. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، كۆڭۈلنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ۋە ئىشلارنىڭ چېچىلاڭغۇلىقىدىن پاناھلىق تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سەندىن شامال ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ شامال ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە-لەرنىڭ يامىنىدىن پاناھلىق تىلەيمەن).

3) اَللّٰهُمَّ إِنِّىْ أَسْئَلُكَ رِزْقًا طَيِّبًا مُبَارَكًا، اَللّٰهُمَّ إِنَّكَ أَمَرْتَ بِالدُّعَاءِ وَقَضَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ بِالْإِجَابَةِ وَإِنَّكَ لَا تُخْلِفُ الْمِيْعَادَ وَلَا تَنْكُثُ عَهْدَكَ، اَللّٰهُمَّ



مَا أَحْبَبْتَ مِنْ خَيْرٍ فَحَبِّبْهُ إِلَيْنَا وَيَسِّرْهُ لَنَا، وَمَا كَرِهْتَ مِنْ شَيْءٍ فَكَرِّهْهُ إِلَيْنَا وَجَنِّبْنَاهُ وَلَا تَنْزِعْ مِنَّا الْإِسْلَامَ بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا (ئى ئاللاھ! سەندىن پاك ۋە بەرىكەتلىك رىزىق تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇدۇڭ ۋە ئىجابەت قىلىشنى ئۆزۈڭ ئۈستۈڭگە ئال-دىڭ، سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن ۋە ئەھدەڭنى بۇزمايسەن. ئى ئاللاھ! سەن ياخشى كۆرگەن ئىشنى بىزگە-مۇ ياخشى كۆرسەتسەڭ ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسەڭ، سەن يامان كۆرگەن ئىشنى بىزگە-مۇ يامان كۆرسەتسەڭ ۋە ئۇنى بىزدىن يىراق قىلساڭ. بىزنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نىڭدىن كېيىن، ئۇنى بىزدىن تارتىۋالمىساڭ).

4) اَللّٰهُمَّ إِنَّكَ تَرَى مَكَانِيْ وَتَسْمَعُ كَلَامِيْ وَتَعْلَمُ سِرِّيْ وَعَلَانِيَّتِيْ وَلَا يَخْفَى عَلَيْكَ شَيْءٌ مِنْ أَمْرِيْ، أَنَا الْبَائِسُ الْفَقِيْرُ الْمُسْتَغِيْثُ الْمُسْتَجِيْرُ الْوَجِلُ الْمُشْفِقُ الْمُقِرُّ الْمُعْتَرِفُ بِذَنْبِهِ، أَسْأَلُكَ مَسْأَلَةَ الْمِسْكِيْنِ وَأَبْتَهِلُ إِلَيْكَ ابْتِهَالَ الْمُذْنِبِ الذَّلِيْلِ وَأَدْعُوْكَ دُعَاءَ الْخَائِفِ الضَّرِيْرِ، مَنْ خَضَعَتْ لَكَ رَقَبَتُهُ وَفَاضَتْ لَكَ عَيْنَاهُ وَذَلَّ لَكَ جَسَدُهُ وَرَغَمَ لَكَ أَنْفُهُ، اَللّٰهُمَّ لَا تَجْعَلْنِيْ بِدُعَائِكَ رَبِّيْ شَقِيًّا وَكُنْ بِيْ رَؤُوْفًا رَحِيْمًا يَا خَيْرَ الْمَسْئُوْلِيْنَ وَيَا خَيْرَ الْمُعْطِيْنَ (ئى ئاللاھ! سەن ئورنۇمنى كۆرۈپ تۇرىسەن، سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ



تۇرىسەن، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىمنى بىلىپ تۇرىسەن، ساڭا ھېچبىر ئىشىم مەخپىي ئەمەس. مەن بەك ئېھتىياجلىق پېقىرمەن، ياردەم ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىمەن، بەك قورققۇچىمەن، گۇناھىمنى ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلغۇچىمەن، سەندىن مىسكىنلەردەك سورايمەن، ساڭا گۇناھكار خارنىڭ ئىلتىجاسىدەك ئىلتىجا قىلىمەن، ساڭا قورقۇپ يۈرگەن كورنىڭ ۋە سەن ئۈچۈن بوينى ئېگىلگەن، كۆزلىرىدىن ياش ئاققان، تېنى خار ۋە بۇرنى تۇپىغا مىلەنگەن ئادەمنىڭ دۇئاسىدەك دۇئا قىلىمەن. ئى ئاللاھ! مېنى ساڭا قىلغان دۇئايىمدا ئۈمىدسىز قويمىغىن،

ماڭا مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولغىن، ئى تىلەكلەر تىلىنىدىغانلارنىڭ ۋە بېرىدىغانلارنىڭ ياخشىسى بولغان ئاللاھ!).

5) اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ فِىْ سَمْعِىْ نُوْرًا وَفِىْ بَصَرِىْ نُوْرًا وَفِىْ قَلْبِىْ نُوْرًا، اَللّٰهُمَّ اشْرَحْ لِىْ صَدْرِىْ وَيَسِّرْ لِىْ أَمْرِىْ، اَللّٰهُمَّ إِنِّىْ أَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا يَلِجُ فِى اللَّيْلِ وَمِنْ شَرِّ مَا يَلِجُ فِى النَّهَارِ وَمِنْ شَرِّ بَوَائِقِ الــــدَّهْرِ، رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِى ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى ٱلْأَخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ (ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى نۇرلاندۇرغىن، كۆزۈمنى نۇرلاندۇرغىن، قەلبىمنى نۇرلاندۇرغىن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭرى قىلغىن، ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ كې-



چە-كۈندۈزدىكى ئىشلارنىڭ ۋە زامان ھادىسىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن).

6) سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ للهِ وَاللهُ أَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ (ئاللاھ پاكتۇر، جىمىي ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ھەرىكەت ۋە قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەندۇر). بۇ تەسبىھ 100 قېتىم ئوقۇلىدۇ، ئاندىن 100 قېتىم ئىستىغپار ئېيتىلىدۇ. ئاندىن مۇنۇ دۇئا تەكرار-تەكرار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇلىدۇ: لَآ إِلٰـهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْـدَهُ لَا شَـرِيْكَ لَـهُ لَـهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ، لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُوْنَ، لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُوْنَ، لَآ إِلٰـهَ إِلَّا اللّٰهُ رَبُّنَا وَرَبُّ آبَائِنَا الْأَوَّلِيْنَ، اَللّٰهُمَّ أَعْتِقْ رَقَبَتِيْ مِنَ النَّارِ وَأَوْسِعْ لِيْ فِيْ الرِّزْقِ الْحَلَالِ وَاصْرِفْ عَنِّيْ فَسَقَةَ الْإِنْسِ وَالْجِنِّ (يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمىي ھەمـدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر شەيئىگە قادىردۇر، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، بىز ئۇنىڭغا بويسۇندۇق، مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز



ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئى ئاللاھ! بوينۇمنى دوزاختىن ئازاد قىلغىن، ماڭا ھالال رىزقنى كەڭرى قىلىپ بەرگىن، مېنى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ يامانلىرىدىن ساقلىغىن).

**17. شەيتانغا تاش ئاتقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا:** بِسْمِ اللّٰهِ اَللّٰهُ أَكْبَرُ رِضًا لِلرَّحْمٰنِ وَرَغْمًا لِلشَّيْطَانِ (ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، (بۇ ئىشىم) رەھمان تەئالانى رازى قىلىش ۋە شەيتاننى خارلاش ئۈچۈندۇر).

**18. چاچ چۈشۈرگەندە ياكى قىسقارتقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا:** اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلَى مَا

هَدَانَا وَأَنْعَمَ عَلَيْنَا وَقَضَى عَنَّا مَنَاسِكَنَا، اَللّٰهُمَّ هٰذِهِ نَاصِيَتِيْ بِيَدِكَ فَاجْعَلْ لِيْ بِكُلِّ شَعْرَةٍ نُوْرًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَامْحُ عَنِّيْ بِهَا سَيِّئَةً وَارْفَعْ بِهَا دَرَجَةً، اَللّٰهُمَّ بَارِكْ فِيْ نَفْسِيْ وَتَقَبَّلْ مِنِّيْ، اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ وَلِلْمُحَلِّقِيْنَ وَالْمُقَصِّرِيْنَ يَا وَاسِعَ الْمَغْفِرَةِ (بىزنى توغرا يولغا باشلىغان، بىزگە نېئمەت بەرگەن ۋە بىزنى ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلدۇرغان ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن! ئى ئاللاھ! مانا بۇ مېنىڭ كۆكۈلام سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، ھەربىر چېچىم بەدىلىگە قىيامەت كۈنى ماڭا بىر نۇر ئاتا قىلغىن، بىر گۇناھىمنى ئۆچۈرگىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن دەرىجەمنى كۆتۈرگىن. ئى ئاللاھ! ماڭا بەرى-



كەت بەرگىن ۋە مەندىن (ھەجىمنى) قوبۇل قىلغىن. ئى مەغپىرىتى كەڭرى ئاللاھ! ماڭا ۋە چاچلىرىنى چۈشۈرگەن ۋە قىسقارتقانلارغا مەغپىرەت قىلغىن).

## مەدىنە زىيارىتىنىڭ بايانى

ھەج پائالىيەتلىرىنى تولۇق تۈگىتىپ بولساق، ئەمدى يەنە بىر مۇھىم ئىش قېلىپ قالىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەجگە قىلغان سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرىنىڭ ئىپار (يەنى ئېسىل) بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەھىرى مەدىنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مۇنەۋۋەرەگە بېرىپ، ئۇ زاتنىڭ مەسجىدى بىلەن قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشتۇر①.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەبتۇر، قۇدرىتى يەتكەن ئادەمگە ئۇنى زىيارەت قىلىش ۋاجىب دېگەن قاراشمۇ بار. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنى ئىرادە

① پەرز ھەجگە يېتەرلىك ۋاقىت بولسا، بۇ مەدىنە زىيارىتىنى ھەجدىن بۇرۇن قىلىشقىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا، ھەج سەپىرى مەدىنىدىن ئۆتىدىغان كىشىلەرنىڭ ۋاقىت يار بەرگەن ئەھۋالدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدى ۋە قەبرىسىنى زىيارەت قىلماي ئۆتۈپ كېتىشى دىلى قاتتىقلىق ۋە تەرك ھۆرمەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



قىلغان ئادەم يەنە ئۇ زاتنىڭ مەسجىدىنى زىيارەت قىلىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈشى لازىم. چۈنكى، ئۇ مەسجىدتە ئوقۇلغان بىر رەكئەت ناماز ھەرەم مەسجىدىدىن باشقا مەسجىدتە ئوقۇلغان مىڭ رەكئەت نامازدىن ياخشىدۇر. شۇنىڭدەك، يەنە ئۇ مەسجىدتە قىلىنغان باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىمۇ ناھايىتى كۆپتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش تەرغىب قىلىنىپ نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەن. جۈملىدىن:

ئىمام دارەقۇتنى، ئىمام بەززار ۋە ئىمام ئىبنى سەكەن رەھىمەھۇمۇللاھلار ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنۇ ھەدىس-

ـنى رىۋايەت قىلغان: «كىمكى مېنىڭ قەبـ
ـرەمنى زىيارەت قىلسا، ئۇنىڭغا مېنىڭ شاـ
پائىتىم ۋاجىب بولىدۇ»؛

ئىمام ئەبۇ يەئلا، ئىمام دارەقۇتنى، ئىـ
ـمام تەبەرانى ۋە ئىمام ئىبنى ئەساكىر رەھـ
ـمەھۇمۇللاھلار يەنە مۇنۇ مەرفۇئ ھەدىسنى
رىۋايەت قىلغان: «كىمكى مېنىڭ ۋاپاتىمـ
ـدىن كېيىن ھەج قىلغان، ئاندىن مېنى (يەنى
قەبرەمنى) زىيارەت قىلغان بولسا، ئۇ خۇددى
مەن ھايات ۋاقتىمدا مېنى زىيارەت قىلغان
ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ».

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ مۇنۇ
مەرفۇئ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «كىمكى
مېنى زىيارەت قىلسا، مەن ئۇنىڭغا شاپاـ
ئەتچى ۋە گۇۋاھچى بولىمەن. كىمكى ئىكـ



ـكى ھەرەمنىڭ بىرىدە ئۆلسە، ئاللاھ تەئالا
ئۇنى قىيامەت كۈنى خاتىرجەم بولغۇچىلار
ئىچىدە (قەبرىسىدىن) تۇرغۇزىدۇ».

سەھىھ ھەدىسلەردە قەبرىلەرنى زىيارەت
قىلىش ھەققىدە تەرغىبلەر بار. ئۇنداق بولـ
ـغانىكەن، زىيارەت قىلىشقا پەيغەمبەر سەلـ
ـلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى
ئەڭ لايىق ۋە ئەڭ ھەقلىقتۇر. پەيغەمبەر
سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بەقىئتە
ياتقان ۋە ئوھۇد ئۇرۇشىدا شەھىد بولغان
ساھابىلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلاتـ
ـتى. شۇڭا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش
زۆرۈر بىر ئىشتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ھاياتلىـ
ـقىدا ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنى ھۆرمەتلەش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇستىمىزدىكى بىر ھەقتۇر. ئاللاھ تەئالامۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ شَٰهِدٗا وَمُبَشِّرٗا وَنَذِيرٗا ۝٨ لِّتُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتُعَزِّرُوهُ وَتُوَقِّرُوهُ وَتُسَبِّحُوهُ بُكۡرَةٗ وَأَصِيلًا﴾ «بىز ھەقىقەتەن سېنى (قىيامەت كۈنى خەلقىقە) گۇۋاھلىق بەرگۈچى، (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. سىلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ھۆرمەتلىشىڭلار ئۈچۈن، ئەتىگەندە ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن (بىز پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق)» (9 ـــ 48:8)؛ ﴿ٱلنَّبِيُّ أَوۡلَىٰ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ مِنۡ أَنفُسِهِمۡ﴾



«پەيغەمبەر مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر» (33:6).

شۇنداقلا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مۇنۇ مەرفۇئ ھەدىس كەلگەن: «مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر رەكئەت ناماز ھەرەم مەسجىددىن باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان مىڭ رەكئەت نامازدىن ياخشىدۇر».

## زىيارەتنىڭ ئەدەپلىرى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مەق-

ـستى بىلەن پەيغەمبەر مەسجىدىگە كەلـ-
ـگەن ئادەم زىيارەت جەريانىدا تۆۋەندىكى
ئەدەپ-ئەخلاق ۋە قائىدە-يوسۇنلار بىلەن
زىننەتلىنىشى لازىم:

1. مەدىنىگە كېتىپ بارغان يولدىمۇ پەي-
غەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە
دۇرۇد ۋە سالاملارنى كۆپ ئېيتىشىمىز لازىم.

2. مەدىنە مۇنەۋۋەرە كۆرۈنگەنسېرى
پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم-
گە تېخىمۇ كۆپ دۇرۇد ۋە سالام ئېيتىشىمىز،
ئاللاھ تائالادىن قىلغان بۇ زىيارىتىمىزنى
بىزگە پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى ۋە ئۇنى
قوبۇل قىلىشىنى تىلىشىمىز، ئەگەر تېز مې-
ڭىشتا بىرەر زەرەر بولمىسا تېز مېڭىشىمىز
لازىم. بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزى-



ـيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىس رىۋايەت
قىلىنغان: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەم سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاق-
تىدا مەدىنە كۆزىگە كۆرۈنگۈدەك يەرگە كەل-
سە، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئۇلىغىنى
تېزلەشتۈرەتتى».

3. مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە دىلىدا ئۇ
يەرنىڭ ھۆرمەتلىك ۋە پەزىلەتلىك يەر
ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن مەخلۇقات-
لارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان مۇھەممەد
سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن
ھۆرمەتلىك قىلىنغان بىر ئورۇن ئىكەنلىك-
نى ھېس قىلىش لازىم.

مەدىنە بولسا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرەم قىلىپ بېكىتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



(يەنى ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىقنى ھارام قىلغان) يەردۇر.

شۇنىڭدەك، مەدىنىگە كەلگەن ئادەم ئۆزىنىڭ زېمىنىنىڭ شەرق ۋە غەربىدىكى مۆئمىنلەرنىڭ دىللىرى مايىل بولىدىغان پاك بىر يەردىكى شەھەردە ئىكەنلىكىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشى لازىم.

4. قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەمنىڭ پەيغەمبەر مەسجىدىگە مېڭىشتىن ئىلگىرى يۇيۇنۇپ ئۆزىدىن سەپەرنىڭ توپىلىرىنى تازىلىشى ۋە ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ پاكىز كىيىملىرىنى كىيىشى لازىم.

5. پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بارغاندا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش سۈننەتتۇر: أَعُوْذُ بِاللهِ الْعَظِيْمِ وَبِوَجْهِهِ الْكَرِيْمِ



وَسُلْطَانِهِ الْقَدِيْمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ، بِسْمِ اللهِ، وَالصَّلٰوةُ وَالسَّلَامُ عَلَى رَسُوْلِ اللهِ، اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ جَمِيْعَ ذُنُوْبِيْ وَافْتَحْ لِيْ أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ (ئۇلۇغ ئاللاھقا، ئۇنىڭ كەرەملىك زاتىغا ۋە ئەزەلىي پادىشاھلىقىغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھلىق تىلەيمەن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ياخشى تىلەك ۋە سالاملىرىمىز ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بولسۇن. ئى ئاللاھ! جىمى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىن).

مەسجىدتىن چىققاندا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيمىز: أَعُوْذُ بِاللهِ الْعَظِيْمِ وَبِوَجْهِهِ الْكَرِيْمِ وَسُلْطَانِهِ الْقَدِيْمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ، بِسْمِ اللهِ، وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ، اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ وَسَلِّمْ،

اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِىْ جَمِيْعَ ذُنُوْبِىْ وَافْتَحْ لِىْ أَبْوَابَ فَضْلِكَ (ئۇلۇغ ئاللاھقا، ئۇنىڭ كەرەملىك زاتىغا ۋە ئەزەلىي پادىشاھلىقىغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھلىق تىلەيمەن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن ۋە ئۇلارنى سالامەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! جىمى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ماڭا پەزلىڭنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىن).

مەسجىدكە كىرگەندە ئوڭ پۇتىمىز بىلەن كىرىمىز، چىققاندا سول پۇتىمىز بىلەن چىقىمىز. بۇ بولسا ھەرقانداق بىر مەسجىدكە كىرىش ۋە چىقىشتىكى سۈننەت ئىشتۇر.



6. مەسجىدنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئەگەر مۇمكىن بولسا رەۋزە شەرىفكە بارىمىز. ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى بىلەن مۇنبىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يەردۇر. بۇ ھەقتىكى مەرفۇئ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىلىقىدا جەننەتنىڭ باغچىلىرىدىن بىر باغچا باردۇر، مۇنبىرىم ھەۋز كەۋسىرىمنىڭ ئۈستىدىدۇر». ئاندىن ئۇ يەردە مەسجىد ھەققى نامىزى ئوقۇيمىز. ئاللاھ تەئالاغا بۇ نېئمەتكە نېسىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر ئېيتىمىز، ئۇنىڭدىن نىيىتىمىزگە يەتكۈزۈشنى ۋە قىلغان زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىشنى تىلەيمىز.

7. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيـ-
ـھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى بار ئۆيىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ئارقىمىزنى قىبلە تەرەپكە،
يۈزىمىزنى قەبرە تېمى تەرەپكە قىلىپ قەبـ-
ـرىدىن تۆت گەز يىراقلىقتا تۇرۇپ كۆزـ-
ـمىزنى يۇمغان، دىلىمىزنى دۇنيانىڭ بارلىق
ئىشلىرىدىن ئۈزگەن ۋە پەيغەمبەر سەللەلـ-
ـلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇرغان
ئادەمنىڭ ئورنىنىڭ قانداق كاتتا دەرىجىدە
بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ھالەتتە
تۇرۇپ ئاۋازىمىزنى چىقارماستىن مۇنداق
دەپ سالام بېرىمىز: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمـ-
ـبىرى! ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئى ئاللاھـ-
ـنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى! ئى
ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك ئادىمى! ئى رەھمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەيغەمبىرى! ئى ئۇممەتلەرگە شاپائەت
قىلغۇچى! ئى پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى!
ئى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى! ئى
ئالقاشقىلىق بەندىلەرنىڭ يول باشلىغۇچىـ-
ـسى! ئى مۇھەممەد ئىسىملىك پەيغەمبەر!
ئى ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر! ئى پەيـ-
ـغەمبەر! ساڭا ئاللاھ تەئالانىڭ سالامى،
رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن. ساڭا ۋە
ئاللاھ تەئالا كەمچىلىكلىرىنى يوقىتىپ پاكـ-
ـپاكىز قىلغان ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىڭغا سالام
بولسۇن! ئاللاھ تەئالا ساڭا بىزدىن بىر
پەيغەمبەرگە ئۇنىڭ قەۋمىدىن ۋە ئۇممىتىـ-
ـدىن كۆرسەتكەن مۇكاپاتتىنمۇ كاتتىراق
مۇكاپات كۆرسەتسۇن. مەن سېنىڭ ھەقـ-
ـقەتەن ئىسلام دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە،

ئۇستۇڭدىكى ئامانەتنى ئادا قىلغانلىقىڭغا، ئۈممىتىڭگە نەسىھەت قىلغانلىقىڭ ۋە تاكى ۋاپات بولۇپ كەتكىنىڭگە قەدەر ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا ھەقىقىي جىھاد قىلغانلى-قىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئاللاھ تەئالا ساڭا، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىڭغا، ئاياللىرىڭغا ۋە سا-ھابىلىرىڭگە زىكرى قىلىدىغانلار ھەر قېتىم زىكرى قىلغاندا ۋە غاپىل قالغانلار ھەر قې-تىم غاپىل بولغاندا قىيامەت كۈنىگە قەدەر داۋام قىلىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ياخ-شى رەھمەتلەرنى يەتكۈزسۇن! ئى ئاللاھ-نىڭ پەيغەمبىرى! بىز سېنىڭ قېشىڭغا كەل-گەن ئەلچىلەر ۋە قەبرەڭنى زىيارەت قى-لىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەردۇرمىز. بىز سېنىڭ ھەققىڭنى ئادا قىلىشنى، سېنى زى-



يارەت قىلىش بىلەن بەرىكەت تېپىشنى ۋە سېنىڭ (بىزگە) پەرۋەردىگارىمىز ئالدىدا شاپائەتچى بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىپ يىراق يەرلەردىن كەلدۇق. چۈنكى، گۇناھلار بەل-لىرىمىزنى سۇندۇرۇۋەتتى. سەن بولساڭ شاپائەت قىلغۇچى، قىلغان شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان، (قىيامەت كۈنىدىكى) ئەڭ ئالىي ئورۇننىڭ ۋە ھەممە ئادەم كېلىدىغان (ھەۋز) كەۋسەر كۆلىنىڭ ئىگىسى بولىدىغان زات-تۇرسەن. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېدى: ﴿وَلَوْ أَنَّهُمْ إِذ ظَّلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمْ جَآءُوكَ فَٱسْتَغْفَرُواْ ٱللَّهَ وَٱسْتَغْفَرَ لَهُمُ ٱلرَّسُولُ لَوَجَدُواْ ٱللَّهَ تَوَّابًا رَّحِيمًا﴾ ‹ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا، ساڭا كې-لىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، پەيغەم-بەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دى، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئاللاھنى كەچۈرۈم قىلـ
غۇچى، ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى» (4:64).
بىز سېنىڭ قېشىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىـ
لىپ ۋە تەۋبە قىلىپ كەلدۇق. شۇڭا، پەر-
ۋەردىگارىمىز ئالدىدا بىزگە شاپائەتچى بولـ
ساڭ، ئۇنىڭدىن بىزنىڭ جېنىمىزنى بىز سې-
نىڭ ھەق يولۇڭنىڭ ئۈستىدە مېڭىۋاتقان ۋاقـ
تىمىزدا ئېلىشىنى، بىزنى دىنىمىزدا مۇستەھـ
كەم قىلىشىنى، بىزنى (قىيامەت كۈنى توپـ
لىنىدىغان مەيدانغا) سېنىڭ بايرىقىڭ ئاسـ
تىدا توپلىشىنى، بىزگە سېنىڭ (ھەۋز) كەۋسەر
كۆلۈڭگە كېلىشنى نېسىپ قىلىشىنى ۋە بىزنى
سېنىڭ مۇبارەك قولۇڭ بىلەن كېيىن مەڭـ
گۈلۈك ئۇسسىمايدىغان دەرىجىدە سۇغۇ-
رۇشنى تىلىسەڭ. ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمـ



بىرى! مەن شاپائەت تەلەپ قىلىمەن، مەن
شاپائەت تەلەپ قىلىمەن، ساڭا شاپائەت
مەقامى سورايمەن ۋە سېنى ئاللاھ تەئالاغا
ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سېنىڭ
دىنىڭ ۋە ھەق يولۇڭ ئۈستىدە مۇسۇلمان
ھالەتتە ئۆلۈشۈمنى تىلەيمەن».

ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەمگە سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى
تەۋسىيە قىلغان ئادەملەرنىڭ سالىمىنى
يەتكۈزۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھنىڭ
پەيغەمبىرى! ساڭا پالانىنىڭ ئوغلى پالانىـ
نىڭ سالامى بار، ئۇ سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ
ئالدىدا شاپائەتچى بولۇشۇڭنى تەلەپ قىـ
لىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانـ
لارغا شاپائەتچى بولساڭ».

ئاندىن بىر گەز ئوڭ تەرەپكە سۈرۈلۈپ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۇدۇلىسدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ مۇنداق دەيمىز: «ئى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەمراھى! ئى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەلىپىسى! ساڭا سالام بولسۇن. ئاللاھ تەئالا ساڭا بىزدىن ۋە ئىسلامدىن ئەڭ ياخشى مۇكاپات كۆرسەتسۇن. ھەقىقەتەن سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ ياخشى ھالەتتە ئورۇنباسار بولدۇڭ، ئۇنىڭ يولىدا ۋە تۇتقان پرىنسىپلىرىدا ئەڭ ياخشى ھالەتتە ماڭدىڭ. ئاللاھنىڭ سالىمى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن. ئى ئاللاھ! بىزنى



ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمىز ئۈستىدە ۋاپات تاپتۇرساڭ ۋە بىزنىڭ ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىشىمىزنى ئەجىرسىز قويمىساڭ».

ئاندىن ئوڭ تەرەپكە يەنە بىر گەز سۈرۈلۈپ ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ مۇنداق دەيمىز: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ساڭا سالام بولسۇن، ئاللاھ تەئالا ساڭا بىزدىن ۋە ئىسلامدىن ئەڭ ياخشى مۇكاپات كۆرسەتسۇن، ئەلۋەتتە ئاللاھ تەئالا سېنىڭ بىلەن ئىسلامنى كۈچلۈك قىلدى. سەن مۇسۇلمانلارغا ھەممىسى سەندىن رازى بولىدىغان، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان ۋە توغرا يول ئۈسـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تىدە ماڭغان ئىمام (يەنى باشلىق) بولغانىـ
دىڭ. ئاللاھ تەئالا سەندىن ۋە ساڭا ئورۇنـ
باسار بولۇپ ئەمىر بولغان ئادەملەردىن
رازى بولسۇن».

ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا بۇرۇن تۇرغان
يەرگە كېلىپ تۇرۇپ ئۆزىگە، ئۇستازلىرىغا،
ئاتا-ئانىسىغا ۋە ئۇستىدە ھەققى بار ئادەمـ
لەرگە، دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان
ئادەملەرگە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئاتاپ
دۇئا قىلىدۇ.

كېيىن مۇنبەرنىڭ يېنىغا كېلىپ دۇئا
قىلىمىز. رەۋزە شەرىفنىڭ يېنىدا تۇرۇپمۇ
پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەلـ
لەمگە كۆپ دۇرۇد ئېيتىمىز ۋە دۇئانى كۆپ
قىلىمىز.



قەبرىنى زىيارەت قىلغاندا بەزى نادان
كىشىلەرگە ئوخشاش بىدئەت ئىشلارنى
سادىر قىلماسلىق لازىم. مەسىلەن، قەبرىـ
نى زىيارەت قىلىش جەريانىدا قەبرە بار ئۆيـ
نىڭ تاملىرىنى سىلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى،
بۇنداق قىلىش بۇ يەرنىڭ ئەدەپ-ئەخـ
لاقىغا ۋە قائىدە-يوسۇنىغا زىت بىر ئىشتۇر.
شۇنىڭدەك ئۇ تامنى سۆيۈشكە بولمايدۇ.
چۈنكى، سۆيۈلۈش ۋە سىلىنىش پەقەت خانە
كەئبىدىكى ھەجەر ئەسۋەد ۋە رۇكنى يەمانىيـ
غا خاس بىر ئىشتۇر. قەبرە تېمىنىڭ ئەتراپىدا
ئايلىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ خانە كەئـ
بىگە خاس بىر ئىشتۇر. قەبرە تېمى ئالـ
دىدا تۇرۇپ رۇكۇ قىلغانغا ئوخشاش ئېگىـ
لىشكە ۋە زېمىننى سۆيۈشكە بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك، قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقىمۇ بولمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، قەبرىنىڭ تېمىغا ئارقىسىنى قىلىپمۇ تۇرماسلىق كېرەك. چۈنكى، بۇ ئەدەپسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

8. ئوھۇد ئۇرۇشىدا شەھىد بولغان ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنى، بولۇپمۇ شەھىدلەرنىڭ كاتتىسى بولغان ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەبتۇر. ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى پەيشەنبە كۈنلىرى زىيارەت قىلىش ياخشىدۇر. بەقىئتە ياتقان ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنىمۇ زىيارەت قىلىش مۇستەھەبتۇر.

9. شەنبە كۈنلىرى قۇبا مەسجىدىگە زىيارەتكە بېرىپ ئۇ مەسجىدتە (ئىككى رەك-



-ئەت) ناماز ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش مۇستەھەبتۇر. بۇ ھەقتە «مۇسلىم»دا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەر شەنبە كۈنى قۇبا مەسجىدىگە كېلىدىغانلىقى ۋە: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەر شەنبە كۈنى بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

10. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان ئادەم بەش ۋاق نامازنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىدە جامائەت بىلەن ئوقۇشقا تىرىشىشى لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مەسجىدىمدە بىرەر ۋاق نامازنى ئۆتكۈزۈۋەت-مەستىن 40 ۋاق ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ دوزاخ-تىن خالاس بولغانلىقى، ئوتتىن قۇتۇلغان-لىقى ۋە مۇناپىقلىقتىن ئادا-جۇدا بولغانلى-قى يېزىلىپ كېتىدۇ» دېگەن.

ئى ئاللاھ! بىزنى ۋە بىزنىڭ ئەۋلادلى-رىمىزنى ئىسلام دىنىنى سۆيىدىغان قىلغىن، قەلبلىرىمىزنى ئىسلامدىكى توغرا ئەقىدىگە مايىل قىلغىن، شەرىئەتتە سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالىرىمىزنىڭ يولىنى تۇتۇشقا ھىدايەت قىلغىن، بىزنى ئۇلارنىڭ ۋارىسى قىلغىن، ئۇلارنى قەلبلىرىمىزگە چوڭ كۆرسەتكىن ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن چىقىپ كېتىشتىن ساقلى-غىن، ئامىن!

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين.